
شىنجاڭ ياشلىرى
新疆青年
2002.10
ISSN 1002-9109
10>
9 771002 910000

# مۇشتەرى بولۇڭلار

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ كېلەر يىللىق (2003 ـ يىللىق) سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى مۇشۇ ئاينىڭ باشلىرىدا ھەرقايسى جايلاردا رەسمىي باشلىنىپ كەتتى. ھەر دەرىجىلىك پوچتىخانىلار (پوچتا پونكىتلىرى)، ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى، ژۇرنىلىمىز خادىملىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ژۇرنال پوچتا ۋاكالەت نومۇرى ۋە باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ.

مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭلار. قەرەلى يېتىپ كەلدى، ئۆز ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇڭلار. كېلەر يىلى ئاجايىپ رەڭدار بىر ژۇرنال كۆز ئالدىڭلاردا نامايەن بولىدۇ!



جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەفكارى

2002

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)



ئۇلۇغ مۇسابە
ئۇركەش جايىيار فوتوسى

# مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | | |
|---|---|---|---|
| شەكىلسىز مۈلۈك ھەققىدە | | ئادىل مەتنىياز | 1 |
| ئادەم ـــ ئادەم بىلەن ئادەم | | ئابدۇللا روزىمۇھەممەت | 5 |
| بەخت بىزدىن قانچىلىك يىراقلىقتا | | ئابدىلىم ئابدۇراخمان | 7 |
| «قالتىس»لار ھەققىدە «قالتىس گەپ» | | ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى | 15 |
| ئىنسان ئارزۇسىنىڭ يېشىمى | | سەۋلە ئىبتىقالى | 17 |
| دەۋا ھوقۇقى قانداق يۈرگۈزۈلىدۇ | | مامۇت بارات | 19 |
| ۋىجدان دېگەن نېمە | | ئابلاجان ھاسىلوف | 21 |
| يول ھەققىدە پاراڭ | | ئىبراھىم نىياز | 29 |
| يەر شارىنىڭ يېشى | | | 33 |
| ئۈچ ياشقا ئۈچ تەكلىپ | | ئابدۇلھەمىت بارات | 35 |
| «رېمونتچى»، يۈزىگىز قىزارسۇن | | قۇربان ئىسمائىل (ئىخلاس) | 41 |
| تەجەللى غەزەللىرىدىكى قارا رەڭ گۈزەللىكى | | ئەخەت كەلپىن ئىنسانى | 45 |
| دۇنيادىكى بەش چوڭ كىيىم ـ كېچەك بايرىمى | | | 49 |
| تېلېۋىزىيە مەشرىپى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم | | پەرىدە قاۋۇز | 51 |
| مۇبارەكلەش | (ھېكايە) | خېلىل تۇردى | 57 |
| سېغىنىش | (شېئىر) | مېھرىگۈل ئابلىمىت | 60 |








«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىدۇ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئىسمائىل ئىبراھىم
خەلقئارا نومۇرى: ISSN 1002 — 9109 ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 00502166
دۆلەتلىك نومۇرى: CN65 — 1029 / C پوچتا نومۇرى: 830002 باھاسى: 3.00 يۈەن

# ساغلاملىق ئەڭگۈشتىرى —
# «سالامەت شىپالىق ئۇماچ تالقىنى»

**1. شىپالىق ئۇماچ تالقىنى قايسى تۈردىكى ئالاھىدە يېمەكلىك؟** ئۇ دورىلىق يېمەكلىكلەر قاموسىدىكى دولانا، پىچەككۈل يىلتىزى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى خام ئەشيا قىلغان بولۇپ، جۇڭگو تېبابىتىدىكى يېمەكلىك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، بۈگۈنكى زامان پەن ـ تېخنىكىسى قوللىنىلىپ ياسالغان ئالاھىدە يېمەكلىك.

**2. ئۇ نېمە ئۈچۈن سېمىز، قاندا ماي ئارتىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ؟** ئۇزاق مۇددەت ئىسسىقلىق مىقدارى ۋە ماي تەركىبى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن، ئادەم تېنىنىڭ ھەر خىل ئىسسىقلىق ۋە ئوزۇقلۇققا بولغان تەلىپى نورمال ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىسسىقلىق بىلەن باشقا ئوزۇقلۇق ماددىلار ماي بولۇپ يىغىلىپ، سېمىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاقىۋەتتە ماي مىقدارى ئېشىپ بېرىپ، قاندا ماي ئارتىپ كېتىش پەيدا بولىدۇ.

شىپالىق ئۇماچ تالقىنى ئۇنۇملۇك ھالدا يىغىلغان ماينىڭ ئالمىشىشىنى تېزلىتىپ، ماينى ئازايتالايدۇ. شۇڭا ئۇ سېمىز، قاندا ماي ئارتىپ كەتكەن كىشىلەرگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

**3. شىپالىق ئۇماچ تالقىنى قايسى تۈردىكى قەنت سىيىش (دىئابىت) كېسىلى بارلار ئىستېمال قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ؟** قاندىكى ماينى نەگىشەپ، ئادەم بەدىنىدىكى ماي مىقدارىنى ئازايتىش ئارقىلىق قاندىكى شېكەرنى تەڭشەيدۇ. شۇڭا، شىپالىق ئۇماچ تالقىنى سېمىز، قاندا ماي ئارتىپ كېتىشتىن بولغان دىئابىت كېسەللىكى بارلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

**4. شىپالىق ئۇماچ تالقىنىنىڭ زىيانلىق قوشۇمچە رولى بارمۇ؟** شىپالىق ئۇماچ تالقىنى مەملىكەتلىك سەھىيە مىنىستىرلىقى تەستىقلاپ تارقاتقان يېمەكلىك تەركىبى جەدۋىلىدە كۆرسىتىلگەنلەرنى خام ئەشيا قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ھېچقانداق زەھەرلىك قوشۇمچە رولى يوق. لېكىن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردە رېئاكسىيىلىك ئالامەت كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن بولسا ئىچىشنى توختىتىپ، شىركەتتىن مەسلىھەت سوراش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شىپالىق ئۇماچ تالقىنى قان ئايلىنىشنى تېزلەشتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن ھامىلىدار ئاياللار ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

شىركەت ئادرېسى: جەنۇبىي شىنخۇا يولى 23 ـ نومۇر (چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا)، يەنى سالامەت سودا چەكلىك شىركىتى

مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 8566887 _ 0991

خوتەن شەھەرلىك لوقمان قەنت سىيىش كېسەللىكلىرى بۆيۈملىرى دۇكىنى تېلېفون: 2050454 _ 0903

قەشقەر شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى تېلېفون: 2837555 _ 0998

ئاقسۇ شەھەرلىك ئالتۇن كۆۋرۈك سودا سارىيىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى غەربىي دىيار ماگىزىنى

تېلېفون: 2617117 _ 0997

ئاتۇش شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى

تېلېفون: 4231711 _ 0908

كورلا شەھەرلىك ئىستامبۇل 3 ـ تارماق دۇكىنى

تېلېفون: 2031852 _ 0996

غۇلجا شەھەرلىك قوش نۇر تاللا بازىرى

تېلېفون: 8121449 _ 0999

قۇمۇل شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى

تېلېفون: 2384360 _ 0902

تۇرپان شەھەرلىك شىنجىڭ مال سېتىۋېلىش مەيدانى

تېلېفون: 13899899954

قاراماي شەھەرلىك گىلاس تاللا بازىرى

تېلېفون: 6891401 _ 0990

چۆچەك شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى

تېلېفون: 6233724 _ 0901

چۆچەك شەھەرلىك يەر ئاستى بازىرى ئارمان 13 ـ نومۇرلۇق دۇكان

تېلېفون: 6224668 _ 0901

مايتاغ شەھەرلىك مىللىي بۇيۇملار ماگىزىنى

تېلېفون: 3872529 _ 0992

مايتاغ شەھەرلىك ئىستامبۇل تاللا بازىرى

تېلېفون: 3862701 _ 0992

دۆربىلجىن ھىممەت ئابدۇكېرىم ماگىزىنى

تېلېفون: 3346959 _ 0901

بورتالا شەھەرلىك ئارمان تاللا بازىرى

تېلېفون: 013031351238

# شەكىلسىز مۈلۈك ھەققىدە

ئادىل مەتنىياز

مەلۇم بىر دوستۇم تۇغۇلغان ۋاقتىم، مۇچەلىم، توي قىلغان ۋاقتىم، ئىدارەمنىڭ تېلېفون نومۇرى ... قاتارلىقلارنى سورىۋېدى، مەن ئەجەبلەنگەن ھالدا: «ئىدارەمنىڭ تېلېفون نومۇرىنىغۇ ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن خاتىرىلىۋېلىش مەقسىتىدە سورىدىڭ. تۇغۇلغان ۋاقتىم، توي قىلغان ۋاقتىمنىڭ سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ بۇ ئىشلارنى ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىلا كۇپايە، سېنىڭ بىلىشىڭنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوققۇ؟» دېدىم ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپ.

— كېيىن بىلىپ قالىسەن، — دېدى ئۇمۇ ئاددىيلا قىلىپ.

مەن ئۇنىڭ بىلەن ۋاي دەپ كەتكۇدەك يېقىن دوستلاردىن بولمىساممۇ، لېكىن ھەرھالدا يېقىن ئۆتەتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەرده قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بىلىشنى خالىغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە تولۇق جاۋاب بەردىم. كېيىنكى كۈنلەردە خىزمەت ئالدىراشچىلىقى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، بۇ ئىشلار تېزلا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈممۇ يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى ئەتىگەن ئايالىم ۋە بالىلىرىم مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى بايان قىلىشتى. كەيپىياتىم ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئەتىگەنلىك چېيىمنى ئىچىپلا ئالدىراپ ئىشقا ماڭدىم. يەنە شۇ ئىدارە، يەنە شۇ ئىشداشلىرىم، يەنە شۇ مېھىر ـ مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا ئادا قىلىنىدىغان سالاملىشىش، قول ئېلىشىشلار ... ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدىن يېنىپلا ھەممىمىز چاشقان تۆشۈكىدەك ئىشخانىلىرىمىزغا كىرىپ، يېڭىلىق بولمىغان، ئەمما ئايىغى چىقمايدىغان خىزمەت ئالدىراشچىلىقىمىز بىلەن بەند بولدۇق. باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز چاقىرغۇ رىتىملىق سايراپ كەتتى. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، ھېلىقى دوستۇم مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەپ، چاقىرغۇغا سۆز قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئىنتايىن خۇش بولدۇم، راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئائىلەمدىكىلەردىن باشقا دوستلىرىمنىڭ تەبرىكلىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. مەنمۇ جاۋابەن ئۇنىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون قىلىپ، رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم.




شۇ ئىشتىن كېيىن مېنىڭ روھىي ھالىتىمدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئويلاپ باقسام، بىر ئورگاندىكىلەر نەچچە ئون يىل بىرگە ئىشلەيمىز، بىر ـ بىرىمىزنىڭ تېلېفون، چاقىرغۇ نومۇرىنىلا بىلىمىز، دوست ـ ئاغىنىلەرمۇ كۈنلەپ ـ تۈنلەپ دوست تارتىشىپ،

بىرگە يەپ ـ ئىچىپ ئوينايمىزكى، دوستىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىڭ قايسى ۋاقىتتا بولىدىغانلىقىغا سەل قارايدىكەنمىز ياكى بىلمەيدىكەنمىز ۋە ياكى بولمىسا بۇنى بىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلايدىكەنمىز.

نۆۋەتتىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق، دەۋر ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا. ئۇچۇر كەسپىنىڭ تەرەققىياتى غايەت زور ئۇچۇر تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئائىلىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلىدى. ئالاقىلىشىشتە زامان ـ ماكاننىڭ چەكلىمىسىنى زور دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلىدى. كىشىلەر ئۇچۇر دەۋرى شارائىتىدىكى دۇنيانى «يەر شارى كەنتى» دېگەندەك ئوبرازلىق سۆزلەرگە يىغىنچاقلىدى. ھالبۇكى، بەزى كىشىلەر نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكىلەر بىلەن خالىغان ۋاقىتتا بىمالال سۆزلىشەلىسىمۇ، لېكىن قوشنىلىرىنىڭ ئىشىكىنى بىمالال چېكەلمەيدۇ. گەرچە ئۇچۇر ئالاقە ئىشلىرى شۇ قەدەر تەرەققىي قىلىپ، ئالاقە جەھەتتە ئارىلىقنى زور دەرىجىدە كىچىكلەتكەن بولسىمۇ، ئەكسىچە قەلبلەر ئارىسىنى چەكسىز ئۇزارتىپ، «ئۆتكىلى بولمايدىغان» شەكىلسىز توساقنى پەيدا قىلدى.

كېيىنكى كۈنلەردە مەن ھېلىقى دوستۇم بىلەن «تېلېفون، چاقىرغۇ نومۇرىنى خاتىرىلىۋېلىش» ئىشى توغرىلىق ئازادە پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ ئۆزى يېقىن ئۆتىدىغان دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىدارىسىنىڭ، ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى، يانفون، چاقىرغۇ نومۇرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، مۈچىلى، ئىشلەيدىغان ئىدارىسى، توي قىلغان ۋاقتى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈن قاتارلىقلارنى تەپسىلىي سوراپ، بىر خاتىرە تۇتۇپ، تولۇق خاتىرىلەپ ماڭىدىكەن. شۇ خاتىرىدە «ئارخىپ» قالدۇرۇلغان دوستلىرىدىن ياكى خىزمەتداشلىرىدىن بىرەرسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، توي قىلغانلىقىنىڭ خاتىرە كۈنى، پەرزەنتلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كەلگەندە، بۇ دوستىمىز شۇ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بۇرادەرلىرىنىڭ چاقىرغۇسىغا ياكى تېلېفونىغا ئۇچۇر يوللاپ، ئۇلارنى تەبرىكلەيدىكەن. ئۇ بۇ ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئىككى ـ ئۈچ يىل بوپتۇ. ئۇ يەنە ماڭا مۇنداق بىر قىزىق ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئۇ بىر قېتىملىق باللار بايرىمىدا، خاتىرە دەپتىرىدىكى تىزىملىك بويىچە بارلىق دوستلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەپ، بىر قېتىمدا 24 دوستىغا چاقىرغۇ قىپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن يۇقىرىقى 24 ئادەمدىن 19 دوستى تېلېفون قايتۇرۇپ، رەھمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ بۇ بىر قېتىملىق تېلېفوندا چاقىرغۇ قىلىشقا ئاران 0.40 يۈەن خەجلەپتۇ. ۋاقىت رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى كىشىلەرنى ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، بەزى كىشىلەر قارىماققا بايرام تەنتەنىسىگە چۈمگەندەك كۆرۈنگەن بىلەن، بىر خىل چەكسىز غېرىبلىق ئىچىدە ئازابلانماقتا. بۇ ئازاب ئۆز نۆۋىتىدە «رېستوران قىزغىنلىقى»، «كارا OK»، «دىسكوخانا»، «قاتار چاي» دېگەندەك ناملار بىلەن قاغجىرىغان روھىيىتىگە شىپالىق مەلھەم ئىزدىمەكتە. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا «تەرجىمان» لازىم بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. بەزىلەرنى كۆتۈۋاتقىنى يەنىلا رەھىمسىز غېرىبلىق بولماقتا.

بىز ھەممىمىز ئاددىي ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دەرىجىمىزنىڭ، ئىجتىمائىي ئورنىمىزنىڭ، بايلىقىمىزنىڭ، بىلىمىمىزنىڭ قانچىلىك زور ۋە يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە، ھېسداشلىق قىلىشىغا موھتاج بولىمىز. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ھالقا يەنىلا سەمىمىيلىك. سەمىمىيلىك بولسا ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئورۇندا مەبلەغ قىلىپ سېلىشقا بولىدىغان شەكىلسىز مۈلۈك. مەيلى بىز بۇ مۈلۈكنى قانچىلىك سەرپ قىلمايلى، بۇنىڭ «پايدىسى» ھامان «دىرى» دىن كۆپ يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئېتىزغا تاۋۇز ئۇرۇقى تېرىپ، تاۋۇزدىن مول ھوسۇل ئالغانغا ئوخشاش. بىز نېمىشقا ھېلىقى دوستىمىزدەك 0.40 يۈەن خەجلەش بەدىلىگە نۇرغۇن دوستلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنى، بۇ ئارقىلىق ھايات مۇساپىمىزدە «بىر دوستۇڭ كۆپەيسە، بىر يولۇڭ كۆپىيىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى سىناپ كۆرمەيمىز؟(02)

(ئاپتور قاغىلىق ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدە)




# مەينەتچىلىك ئاقلانمايدۇ

قاۋۇل ساۋۇر

بەزى كىشىلەر مۇھىت ۋە تۇرمۇشتىكى مەينەتچىلىكنى نوقۇل ھالدا ماددىي جەھەتتىكى سەۋەبلەرگە باغلاپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى نامراتلىققا دۆڭگەپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ كەتتى. بۇ خىل بىر تەرەپلىمە كۆزقاراش نۆۋەتتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشقا نىسبەتەن پاسسىپ رول ئويناپ، گۈزەل، پاكىز، تەرتىپلىك بولغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشقا توسالغۇ بولماقتا. مېنىڭچە، مۇھىت ۋە تۇرمۇشتىكى مەينەتچىلىك ئىللەتلىرى مەلۇم جەھەتتىن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بىراق ئىقتىسادىي مەسىلىنى مەينەتچىلىكنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى دېيىشكە بولمايدۇ، شۇنداقلا مەينەتچىلىك ئىللەتلىرىمۇ ئىقتىسادىي مەسىلىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇشى ناتايىن.

ۋەھالەنكى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، پاكىزلىقنى سۆيۈش، ياشاش مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىق ئالىيجاناب ھېس ـ تۇيغۇلارنى نوقۇل ماددىي سەۋەب ۋە ئىقتىسادىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشمۇ كىشىنى قايىل قىلالماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن ئالايلۇق، قاغىلىق ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتە تىپىك نامرات ناھىيىلەردىن بولۇپ، قاراقۇرۇم تاغلىق رايونىدىكى كۆكيار يېزىسى بۇ تىپىك نامرات ناھىيىدىكى تىپىك نامرات يېزىلارنىڭ بىرى. ئۆز يېرىنىڭ سۈيى تۈزلۇق، تۇپرىقى تاشلىق، كىلىماتى قۇرغاق بولۇشىغا قارىماي، ھويلا ـ ئاراملىرىنى بەس ـ بەستە كۆكەرتىش ۋە تازىلىقنى يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئەلا بىلىش تارىختىن بۇيان كۆكيار ئاھالىلىرىنىڭ مۇقەددەس ئادىتى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ يەردە تۈزۈكرەك بىساتى بولمىغان تۇل خوتۇن، يېتىم باللارمۇ ئۆي ۋە ھويلا قورۇسىنىڭ ئاستىنى يىلدا نەچچە قېتىم سىغىز لاي بىلەن سۇۋاپ،

قۇتىدەك پاكىز ساقلايدۇ.

خەلقىمىزنىڭ باغ ياساش، ئورمان ئەھيا قىلىش، ياۋايى جانلىقلارنى كۆندۈرۈش، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق زوق - لەززەت ۋە خۇشاللىق تېپىپ ھاياتىنى ئاۋۇندۇرىدىغان، خالىس نىيەت بىلەن يول تۈزلەش، كۆۋرۈك سېلىش، زەخىملەنگەن ياۋايى جانلىقلارنى پەرۋىشلەپ، تەبىئەت قوينىغا قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى خەيرلىك بىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىلىرى بار. جەمئىيىتىمىزدە «ئەتىگىنىگە تاپسا، كەچلىكىگە يوق» دېگۈدەك شارائىتتىمۇ ياقىسىنى كىر قىلمايدىغان، بار - يوقى بىر قۇر كىيىمنى كېچىسى يۇيۇپ، كۈندۈزى كىيىپ، بايۋەچچىلەردەك يۈرىيدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ئالىيجاناب، گۈزەل تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ مۇھىتنى ئاسراش، تازىلىققا رىئايە قىلىشنى ھاياتلىقنى سۆيۈش يۈكسەكلىكىدە تونۇپ، ھەرقانداق ناچار ئىقتىسادىي شارائىتتىمۇ مەينەتچىلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى قانداقتۇر «ماددىي ئاساس»، «ئىقتىسادىي شارائىت» دېگەندەك ئوبيېكتىپ چەكلىمىلەر ئىچىگە تاشلىۋەتكىنىدە، پاك ۋە گۈزەل ھاياتلىق مۇھىتىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ قۇتۇلغۇسىز پاجىئەلەرگە غەرق قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي كىشىلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنە شۇنداق ئادەملەر بىلەنلا كىشىلىك جەمئىيەتنى ھايۋانلار دۇنياسىدىن گۈزەل، ئىللىق ۋە ئالىيجانابتۇر.

بىراق، يۇقىرىقىلارغا سېلىشتۇرغاندا، بەزى «ئادەم» لەرمۇ باركى، ئۇلار مال - دۇنياغا تولغان ئايۋان - سارايلىرىنى ئېغىلدەك تۇتىدۇ. ھەپتە، ئايلاپ تازىلىمايدۇ، چاڭ - توزان ۋە ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن قاپلانغان ئۆي، قاسماقلاشقىنىدىن تىكلەپ قويسا ئۆرە تۇرىدىغان داستىخانلاردا تاماق يەيدۇ. يانچۇقلىرى دائىم پومپىيىپ تۇرىدىغان قىممەت باھالىق كىيىملىرى دەسمالغا ئوخشايدۇ. خەيرىيەت، بۇنى ئادەتلەنگەن يەكۈنىمىز بويىچە «ئۆزىنىڭ ئىشى» دەپمۇ تۇرايلى. يەنە شۇنداق بەزى ئادەملەرمۇ باركى، كۆچەت تىكمەي شاخ يىرىدۇ، تازىلىق قىلماي ئەخلەت تېرىيدۇ، چىنىدەك ئاسفالت كوچىلارغا تۈكۈرىدۇ، پوتلا تاشلايدۇ ۋە ئېلېكتر چىراغلىرى يورۇتۇپ تۇرغان ھەر خىل جىنس ۋە ھەر خىل ياش قۇرامدىكى كىشىلەر ئۆتۈشۈۋاتقان كوچا گىرۋەكلىرى، گۈللەر پورەكلىگەن گۈلزارلىق، شەھەر - رەستىلەرنى ياشنىتىپ تۇرغان يېشىللىق بەلۋاغلىرىغا خالىغىنىچە تەرەت قىلىدۇ. ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇدىن، مۇھىت ۋە تازىلىق ئېڭىدىن ۋە شەرم - ھايادىن مەھرۇم بولغان بۇنداقلارنى مەينەتچىلىكنىڭ مەنبەسى، مىكروب تارقاتقۇچى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەن بىمەھەل ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قاتىللىرى دېسەك ئوشۇقلۇق قىلماس. مانا بۇ رېئاللىق مەينەتچىلىكنى «نامراتلىق» بىلەن يۆگىگىلى ۋە ئاقلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە دەلىللەپ بېرىدۇ، ئەگەر كىشىلەرنىڭ تازىلىق ساپاسى ۋە مۇھىت ئاسراش ئېڭى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلمەيدىكەن، شەھەر - كوچىلىرىمىز نەزەردىن چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. (02)

(چىن گۇاڭ فوتوسى)

(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدە)

# ئادەم ــ ئادەم بىلەن ئادەم

ــــــــ ئابدۇللا روزىمۇھەممەت ــــــــ

ئادەم يەككە ــ
يېگانە يۇرەلمەيدۇ.
كۈندىلىك خىزمەت،
ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇ-
شىدا باشقىلار بىلەن
ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ.
«كەلىلە ۋە دىمنە»
نىڭ باللار نۇسخىسىدا «دۇنيادىن ۋە ئادەملەردىن قې-
چىش ياخشى ئادەت ئەمەس»، «تەبىئىتىگە مۇۋاپىق
كەلگۈدەك، غەرەزسىز، ھەقىقىي بىر دوست تېپىلسا،
تەنھالىقتىن سۆھبەت ئەلا»، «تەنھا ئولتۇرۇش مۇمكىن
بولمايدۇ ۋە تەنھا ئولتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق...»
دېيىلگەن. شۇڭلاشقا، باشقىلار بىلەن ئارىلاشقانلىقنىڭ
زىيىنى يوق. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر بىر ــ بىرىگە
تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، ئادەملەرمۇ بىر ــ بى-
رىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا تەسىر كۆرسى-
تىدۇ. شۇ ئاساستا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۇ-
چۇنمۇ ئەينەن نىسبەتتە تۆھپە قوشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
بىزمۇ نەتىجە قازىنىمىز دەيدىكەنمىز، باشقىلار بىلەن
بولغان مۇناسىۋەتكە ماھىر بولۇشىمىز ۋە بۇ مۇناسىۋەت-
نى توغرا تەڭشەشنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. مەيلى
كىم بولسۇن، باشقۇرغۇچى بولسا قول ئاستىدىكىلەرنى
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەشكە يې-
تەكلەش، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت كۆيۈنۈۋاتقانلىقنى ھېس
قىلدۇرۇپ، ئادىل، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش لازىم. ھەر-
گىزمۇ بەزىلەر بىلەن ئاپاق ــ چاپاق بولۇپ، بەزىلەر بى-
لەن يىراقلىشىپ كەتمەسلىك لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا،
ئادەم بىكاردىن ــ بىكار دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدۇ.
تەڭسىزلىك بولىدىكەن، قارشىلىق مەۋجۇت. قول ئاس-
تىدىكىلەر باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىسە، بەزىلەر
ئارقىدىن يامان گەپ تارقىتىدۇ. رەھبەرلىك ئۈستىدىن
شىكايەت سۇنۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈز ــ خاتىرە
قىلمايدۇ ھەمدە قارشىلىشىشقا ئۆتىدۇ. بۇ ھال رەھبەر-
لىكنىڭ سالاھىيىتىگە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا مۇ-
ئەييەن تەسىر يەتكۈزى-
دۇ. قول ئاستىدا ئىش-
لەۋاتقان ئاياللار بىلەن
بەك يېقىنلىشىپ كەت-
كەندە، ئاسانلا باشقىلار-
نىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە
قالىدىغان گەپ. شۇنىڭ
بىلەن رەھبەرلىك قىلغۇچى توغرا چۈشىنىشكە ئېرى-
شەلمەيدۇ.

ئەگەر باشقۇرۇلغۇچى بولغاندا، رەھبەرلەرنىڭ ھۆر-
مىتىنى قىلىش لازىم. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىل-
ماسلىق، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاش-
ماسلىق، شەخسنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش-
لارنى كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلىمەي ئايرىم ئەھۋاللاشقان
ياخشى، گاھى چاغلاردا رەھبەرلىكنىڭ تارتقان جاپالىرىنى
ماختاپ قويۇش لازىم. «ئىدارىمىزدىكى ھەممە ئادەم
سىزنى ھۆرمەتلەيدۇ، بۇ ئورۇن سىزدەك قابىل رەھبەر-



لەرگە موھتاج ئىدى» دەپ ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ، ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش، لېكىن شەخسىي مۇددىئانى كۆزلىمەسلىك لازىم. ئۇنىڭغا خۇشامەت تۇيغۇسى بەرمەي، نورمال مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەش لازىم.

كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بەزى ئىشلارنى كېيىنسىپ بىرنېمە دېمەسلىك، بەزى ئەھۋاللارنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىق ئۇقۇپ باشقىلارغا پوزىتسىيە بىلدۈرۈش لازىم. بىرەر ئىش قىلماقچى بولغان ۋاقىتتا كۆپ ئويلاش، مۇھىم ئىشلارنى كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كېڭەشكەندىن كېيىن بىرلىكتە قارار قىلغان تۈزۈك، ئاددىي ئىشلارنىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

«ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېيدۇ دانالار، بۇ ئالەمدە چۈشىنىش ئەڭ تەس بولغىنى ئادەم. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا باشقىلارنى چۈشىنىمەن دەيمىزيۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىشكە قادىر ئەمەسمىز. ئۇنىڭدىن باشقا «ۋاقىت — ئاتقان ئوق»، ۋاقىتنى ئىنتايىن قەدىرلەش لازىم. ئادەملەر ئوخشاش ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ، بىراق شۇ ۋاقىت ئىچىدىكى نەتىجە ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىم ئۆز سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۆز ئابرۇيىنى ساقلاپ، يولاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈزىنى تۆكۈۋېلىشتىن، باشقىلار ئالدىدا مات بولۇپ ئىزا-ئاھانەتكە قېلىشتىن ياكى باشقىلارنىمۇ نومۇسقا قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن دوست تۇتۇش لازىمكى، ھەرقانچە ئالدىراش بولغاندىمۇ دوستلار بىلەن سىردىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇماسلىق لازىم. «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن گەپ بار. ھەممىلا جايدا بىزنىڭ ياخشى كېپىمىزنى قىلىدىغان، بىزنى چۈشىنىدىغان دوست (كىشىلەر) بولۇشى كېرەك. ئادەم — ئادەم بىلەن ئادەم. (09)

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

## كۆتكۈچىلەردە غۇرۇر يوق دېمەمسىز؟

**نۇرسىمانگۈل توختى**

—ھوي كۆتكۈچى، رومكا كەلتۈر.

—ھوي خان، نېمانداق دۆت نېمە سەن، بىز بۇيرۇتقان سەيلەر قېنى؟

—تۇۋا، قارىسام ھەممىسى خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئىكەن، بۇلاردا ئىززەت-ئىكرام، باشقىلارغا ھۆرمەت يوقمىكىنە؟ ...

مەن سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئايرىم خانىدا بوش ئاۋازدىكى بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ قالدىم.

ئەلۋەتتە، ئەمدىلا 19 ـ 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قىزلار ئۈچۈن بۇ خىل كەمسىتىش ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. مېنىمۇ سورۇن ئەھلىگە ئوخشاشلا سۆھبەتتە بىمالال، خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم، ھەتتا ئارىمىزدىكى بىر مۇخبىر نارازى بولۇپ، سۆھبەتنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىغاندەك قىلاتتى.

«بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز، تۇرار ماكانىمىز، ھەتتا پۇلىمىز يوق بۇ يەرگە كەلگەنمۇ؟ بىزنى نېمە ئۈچۈن كەمسىتىدۇ؟ بىزدىمۇ ئىنسانىي غۇرۇر بارغۇ؟ ...»

مانا بۇ شۇ يەردىكى بىر كۆتكۈچى قىزنىڭ يۈرەك ساداسى ئىدى. يۈرىكىم ئاچچىق بولۇپ، ۋىجدانىم مېنى قىينايتتى. مەن ئاستا-ئاستا سورۇندىن چىقىپ كەتتىم.

ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، ئويلاپ كۆرۈڭلاركى، سۆھبەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تاپالىسا، كىشىلەرنىڭ ئادىمىيلىكى، ئادەملەرنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىغا تەھدىت بولمىسا مەنىلىك بولاتتى.

بىزنىڭ سۆھبەتلىرىمىز قىزغىن، ئىلمىي بولسا، كىشىلىك غۇرۇرغا تەگمىسە، ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەسمۇ؟ (09)

(ئاپتور: ئاتۇش شەھىرى ئاغۇ يېزىسى رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىدا)

# بەخت بىزدىن قانچىلىك يىراقلىقتا

—— ئابدىلىم ئابدۇراخمان ——

ئۆز بەختى توغرىسىدا ئويلانمايدىغان ھەم بەختكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ غايىۋى بەختىنى رەڭدار ھەم شېرىن ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئىلھامبەخش ئەپسانىۋى خىياللىرى بىلەن تەكرار ـ تەكرار بېزەپ چىقىدۇ. ھەتتا مەستخۇشلۇق ئىلكىدە بىرپەس بەختنىڭ پەيزىنى سۈرۈشىدۇ. خىياللىرى ئۈزۈلگەندە ئارامسىزلىنىدۇ. چىرايلىرى جىددىي تۈس ئېلىپ، نېرۋىلىرى چىڭقىلىدۇ.

بەخت — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زور ۋە مەڭگۈلۈك كەشپىياتى. بىراق ئۇنىڭ پاتېنت ھوقۇقى بىرلا ئادەمگە ياكى بىرەر توپقىلا تەۋە ئەمەس. بەخت توغرىسىدا كىشىلەر ھازىرغىچە توختىماي ئىزدىنىپ كەلدى. سانسىزلىغان نۇقتىلاردىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك تەبىرلەرنى بېرىشتى. پاكىت ۋە تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بەختنى بىرنەچچە جۈملە سۆز ياكى بىرەر خىل ئادەتلەنگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەش ئاقىلانە ئۇسۇل ئەمەس. ئوخشاش بولمىغان مۇھىت ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەخت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر گويا رىۋايەتلەردىكى غايەت زور بايلىق يوشۇرۇپ قويۇلغان سىرلىق ئۆڭكۈرنى تېپىۋېلىشنى ياكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باياشات ياشىشىنى بەخت دەپ ھېسابلايدۇ. بەزىلەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىپ بىلىم ئىگىلەشنى بەخت ھېسابلىسا، بەزىلەر ئۆزىنىڭ سۇباتلىق ياكى چىرايلىق ئىكەنلىكى بىلەن ئۆزلىرىنى بەختلىك سانايدۇ، ھەتتا بويتاقلىقنى بەخت دەپ ھېسابلايدىغانلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىراق بەختنى قوغلىشىدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قايسى يول بىلەن ئېرىشىشنىڭ مۇۋاپىق ھەم ئاقىلانە ئۇسۇلىنى تاپالمىسا، يەنىلا «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ» يېگەندەك ئىش بولىدۇ، ھەتتا بەختسىز بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بەخت بىلەن بەختسىزلىك قوشكېزەك بولۇپ، دائىم بىللە تۇرىدۇ. بەزىلەر بەختسىز بولۇپ قالسا تەقدىردىن كۆرىدۇ. بەزىلەر بەختسىزلىكنى ئائىلىنىڭ كىرىمى، ئىجتىمائىي ئورنى، ئىدارىسى، رەھبىرى، ئەل ـ ئاغىنىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن كۆرىدۇ. ئىش قىلىپ، جەمئىيەتتە بەختسىزلىكنى ئۆزىدىن كۆرىدىغانلار ياكى ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدەيدىغانلار ئىنتايىن ئاز. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ۋاقىتنىڭ رولىغا ئىنتايىن سەل قارايدۇ. بىزنىڭ نەزەرىمىزدە



بەختلىك ھېسابلىنىدىغان ئادەملەردىن سەۋەبىنى سورىساق، ئۇلار مىنۇت ـ سېكۇنت ۋاقىتنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلغانلىقى، ئۆزىنى ۋە تۇرمۇشنى ھەممىدىن بەك سۆيىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلار توغرا ئېيتىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەر ۋاقىتنى پۇرسەت دەپ بىلىدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلەپ، پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغانلىقىنى بەختكە ئېرىشىشنىڭ يولى دەپ ھېسابلايدۇ. بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزىمىزگە تۇيۇقسىز پۇرسەت كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمىز، ئەمما پۇرسەت كەلگەن تەقدىردىمۇ چاقماق كەبى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ «چاقماق چاقىقان» دەقىقە دەل بەختنىڭ ئادەمگە ناز بىلەن جىلۋە قىلىۋاتقان پەيتى. ئۇنى سەزگۈرلۈك بىلەن چىڭ تۇتۇۋالسا، ئامەت كەلگىنى شۇ. بوشاڭلىق قىلساق ئۇ بىزدىن يىراقلىشىپ، باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتى سانسىز پۇرسەتلەرگەن تولغان. مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئۇنى تونۇش ۋە چىڭ تۇتۇشتا. پۇرسەتنى چىڭ تۇتماي بىرەر ئىش قىلىمەن دېسەك، لېكىن بىرەر تاكتىكىلىق ئاڭ ۋە چىدامىلىق روھ كەمچىل بولسا، ھەرقانچە تىرىشقان بىلەنمۇ غەلىبە قىلىش پۇرسىتى ياراتمىساق، قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كېتىدۇ. يەنى ئىدىيە جەھەتتە چىدامىلىق روھ كەمچىل، تاكتىكا جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى كەمچىل بولسا، ئاخىردا ئاچچىق پۇشايمان يېشى بىلەن تارتۇقلىنىمىز. تۇرمۇش ئادەمگە پۇرسەت بەرگەندە ھەرگىز ئۆتۈپ كەتكەن پۇرسەتنى ئەسلىمەسلىك كېرەك. چۈنكى، بىز بىخۇد ھالەتتە تۇرغان ۋاقتىمىزدىلا باشقىلار ئۇنىڭغا ئېرىشىپ بولغان بولىدۇ.

بىز دائىم بەخت توغرىسىدا چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتىمىز. بۇ ئەتىمىزنى ئويلىغانلىق، ئەلۋەتتە. خىيالىمىزدىكى ئەتە ئىنتايىن سۆيۈملۈك، ئەمما رېئاللىقتىكى بۈگۈن تېخىمۇ قەدىرلىك، شۇڭا، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلىساق مۇددەتتىن بۇرۇن ھەرىكەتلىنىشىمىز، يەنى ئەتە ئۈچۈن بۈگۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ئادەم ھامان ئۈمىد ۋە غايە بىلەن ياشايدۇ. غايە بىزنىڭ كەلگۈسىدە يەتمەكچى بولغان نىشانىمىز، لېكىن ئۇ بەكلا رەڭدار ۋە جۇلالىق بولۇپ كەتسە ئادەمگە ھەر قەدەمدە ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۈمىد ــ ھاياتلىقىمىزنىڭ نۇرى. ئەقىل ۋە ھەرىكەت بولسا ئۈمىدىمىزنىڭ سۇنماس قانىتى. ئۈمىد ھەر دائىم بەختنىڭ چېگرىسىغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆز خىسلىتى بىلەن ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك پاك ئابىدە تىكلىيەلەيدۇ. ئادەمنى بەخت چەمبىرىكى ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. ئۈمىد بىلەن ياشىسا پۇرسەت ياراتقىلى، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىلى ۋە تۇتقىلى بولىدۇ. ئادەم بىلەن بەخت ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىمۇ قىسقىرايدۇ. ئۈمىدسىزلىك ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ھەتتا ئادەمنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ. ئەلۋەتتە پۇرسەتنى ئەلا بىلىش، بايقاش، تۇتۇشتا ئادەمنىڭ تەبىئىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا بەزىلەر، بەخت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئەمەس، مىجەز ـ خاراكتېردىن كېلىدۇ، دەپ توغرا ئېيتقان.

دوستۇم، سەن تۇرمۇش ساڭا بەرگەن پۇرسەتنى ئەقىل بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ۋە ئۆز غۇرۇرۇڭنى ئەلا بىلىپ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىش ئېڭى، ئۈمىدۋار پوزىتسىيە ۋە سىرتقا يۈزلەنگەن مىجەزنىڭ بەختنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسەن؟ (09)



# ئۆزۈمگە سوئال، ئۆزۈمگە جاۋاب

—— توختى باقى بەكرى ساهىب ——

مانا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمگىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل بولاي دەپ قاپتۇ. بۇ ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىتىم خىزمەت، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ۋە ئۆگىنىش ھەۋەسلىرى ئىچىدە تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە كاللامغا «مەن ئالىي مەكتەپتە زادى نېمىلەرنى ئۆگەندىم؟» دېگەن سوئال كىرىۋالدى. تېگىشىماققا جاۋاب بېرىش ئاساندەك بىلىنگەن بۇ سوئال، ئەمەلىيەتتە مېنى خېلىلا گاڭگىراتتى. ئويلاپ قالدىم: ناۋادا ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ۋاقتىمدا ئۆزۈمگە: «ئالىي مەكتەپتە نېمىلەرنى ئۆگىنىشىم كېرەك؟» دېگەن سوئالنى قويغان (ياكى قويالىغان) بولسام، بەلكىم ھازىر بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشىم بۇنچىلىك قىيىنغا توختىماس بولغىيدى؟! بىر مەزگىللىك تەكرار ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ئالىي مەكتەپتە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك ماھارەتنى ئىگىلىگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

**1. بىرقەدەر مۇكەممەل، ئىلمىي، توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىدىم**

ھەربىر ئادەم ئىلمىي، توغرا بولغان دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىمىگەندە، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى، ھاياتىنى قايسى ئىشلارغا بېغىشلاش كېرەكلىكىنى بىلەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش مەنزىلىگە يېتەلمەي، غايە ۋە ئېتىقادتىن مۇستەسنا ھالدا، ئۆمۈر مۇساپىسىنى لاي سۇدەك بىھۇدە ئاياغلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق ئۆتكەن ھايات ئىنسانغا خاس ئەمەس.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىدىن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشنى تاماملاپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، كۆپ قىسىملىرىنىڭ ئەتراپتىكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، شۇ خىل مۇھىتقا تامامەن ئۆزلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم ۋە كۆڭلۈمدە، «ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇرتۇمغا قايتسام، مەنمۇ يەرلىك مۇھىتقا ئۆزلىشىپ كېتەرمەنمۇ؟» دەپ ئويلىغانىدىم. ھازىر قارىسام، يەرلىك مۇھىت تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ خىل قىسمەتكە يولۇقۇشىدىكى تۈپ سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ماھىيەتلىك پەن ـ بىلىملەرنى ئەمەس، بەلكى ماكان، زامان خاراكتېرلىك بىلىملەرنى، يەنى ماھىيەتلىك بولمىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن، توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تىكلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدىن بولغان.

ئۆزۈمنى ئالسام، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش ھاياتىمدا كۈندىلىك دەرسلەرنى لايىقىدا ئۆگىنىش بىلەن بىرگە،

يەنە بوش ۋە ئارام ۋاقىتلىرىمدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۇنياۋى كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر، تارىخ ۋە تەرجىمىھاللار، پسىخولوگىيە ھەم پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇدۇم ۋە ئۆگەندىم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېزا ئاساسىي قاتلامدا دېھقانلار ئارىسىدا خىزمەت قىلدىم. گەرچە تېپىك مىللىي پاسوندا كىيىنىش، يەرلىك دىئالېكتتا سۆزلىشىش جەھەتلەردە ئەتراپىمدىكى مۇھىتقا ئۆزلەشكەن بولسامۇ، ئەمما ئىدىيە، پىكىر جەھەتلىرىدە تەپەككۇر قىلىشنى زادىلا توختاتمىدىم. نەتىجىدە، دېھقانلارنىڭ ئېڭىدا، «ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدىكەن» دېگەن بىر خىل تۇيغۇ، ئىدىيىنى پەيدا قىلالىدىم. خىزمەتداشلىرىم ئارىسىدىمۇ ئۆزگىچە پىكىرلىرىم بىلەن خاراكتېرلەندىم.

**2. ئۆزلۈكىمدىن كىتاب ئوقۇش، خاتىرە قالدۇرۇش، ئۆگىنىش ئادىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم**

ماھىيەتتىن ئالغاندا، بۇ، ھەربىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى جەزمەن ئىگىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ماھارەت بولۇپ، پرىنسىپ جەھەتتە بۇ ماھارەتنى، ئادەتنى يېتىلدۈرمىگەن ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپ شاھادەتنامىسىگە ئېرىشەلمەسلىكى كېرەك.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بەزى ئوقۇغۇچىلىرىمىز بۇ ماھارەتنى يېتىلدۈرمەيلا شاھادەتنامىگە ئىگە بولىدۇ. نەتىجىدە، خىزمەتنى باشقا كەسىپكە تەقسىملەنسە، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرمىگەنلىكىدىن خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران ـ ئارانلا چىقىدۇ، ھەتتا چىقالمايدۇ. شۇڭىمۇ ئايرىم شاھادەتنامىلىك ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ياكى پەن تەتقىقات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن زادىلا سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپ شاھادەتنامەمگە يۈز كېلەلەيمەن. چۈنكى، مەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇش ھاياتىمدا، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭغاندىن سىرت، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەنلىرىمنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مۇئەييەن خۇلاسە چىقىرىش ياكى كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشىش ماھارىتىنى يېتىلدۈردۈم. يەنى كىتابنى قانداق ئوقۇش، قانداق كىتابنى ئوقۇش، قانداق خاتىرە قالدۇرۇش ماھارىتىنى يېتىلدۈردۈم. بۇنىڭ بىلەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق كىتاب كۆرۈپ ئۆگىنىش، مەتبۇئاتلاردا ئەسەر ئېلان قىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندىم.

**3. ئېھتىياجىم سەۋىيىسىدە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەندىم**

«بىلىم ئىگىلىكى»، «ئۇچۇر دەۋرى» بىلەن ناملىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ماھىيەتتە ئۇچۇرنىڭ تارقىلىش سۈرئىتىدىن ئىبارەت. ئۇچۇردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولالماسلىق، رىقابەتلىك جەمئىيىتىمىزدە شاللىنىشنىڭ ئىپتىداسىدۇر. تۈرلۈك يېڭىلىقلار، جۈملىدىن ئۇچۇرلار كۆپىنچە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ۋاسىتە قىلىپ تارقىلىدىغان جەمئىيىتىمىزدە، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەقلىقمىزكى، خەنزۇ تىل ـ يېزىقىغا پىششىق بولمىغان كىشىنىڭ مەلۇم ساھە بويىچە ئۈنۈملۈك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى تەسرەك. شۇڭلاشقا، خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى پىششىق بىلىش — ھەربىر ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيسىنىڭ ئاقىلانە تاللىشىدۇر.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن بېرى، كىتاب كۆرۈشۈم يۈنىلىشچانلىق خاراكتېرىنى ئېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، شىپالىق دورىنى ئاتايىن ئىزدەيدىغان بىمارغا ئوخشاش، قىزىقىپ ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىۋاتقان ساھەگە خاس ماتېرىياللارنى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى نەشرىيات خادىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن ئىزدەپ تېپىپ ئۆگەندىم. بۇ جەرياندا، بەزى خەنزۇ تەتقىقاتچى ئالىملار بىلەن دوستلىشىپمۇ

قالدىم. نەتىجىدە، بىر تەرەپتىن، ئالاقىدار ماتېرىياللارغا تولۇق ئېرىشىپ تۇرغان بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن، تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ مەزكۇر ساھە بويىچە تۈرلۈك يېڭىچە قاراشلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ، كۆڭلۈمدە سان تۇرغۇزۇۋالدىم.

**4. كەسىپ بىلىملىرىنى ئاز ـ تولا ئۆگەندىم**

مەن بۇ توغرىدا كۆپ توختالماقچى ئەمەس. سەۋەبى، مەن كەسىپنى «ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمەن» دېگەن پوزىتسىيىدە ئۆگەنگەنمەن، ئەلۋەتتە. بۇ پوزىتسىيەمگە ھازىرمۇ يۈز كېلەلەيمەن. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنى قانداقتۇر دوگماتىزمچە ئىمتىھان مائارىپىنىڭ ئەمەس، بەلكى ھاياتىي كۈچكە تولغان ساپا مائارىپىنىڭ مەھسۇلاتى، دەپ قارايمەن.

**5. پەلسەپە ھەققىدە باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولدۇم**

مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپتە ياشلارغا خاس ئىنتىلىش بىلەن ماركسىزم پەلسەپىسىنى تىرىشىپ ئۆگەندىم. كېيىنكى يىللاردا يەنە نېتزىنگىمۇ قىزىقىپ قالدىم. نېتزى توكۇرلۇقنى توكۇرنىڭ ھاسسىدىن كۆرىدىكەن. نېتزى ئۆزى ئېيتقاندەك، نېتزى بەجەيكى بومبا ئىكەن، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ تەسىرىگە چىداش كېرەك ئىكەن.

يىغىپ ئېيتسام، پەلسەپە مەندە ئىشەنچ تۇرغۇزدى، ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى.

**6. بەلگىلىك مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە سەنئىتىنى يېتىلدۈردۈم**

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتۇر. ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا، مەن ئائىلەمدىن كېلىدىغان ئايلىق تاماق ـ خىراجەت پۇلىغىلا قاراپ ئولتۇرماي، يەنە مەكتەپ يارىتىپ بەرگەن ئازغىنە بوش ۋاقىتلاردىكى ئەمگەك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپ، پۇل تېپىپ كىرىم قىلدىم. بۇ ئارقىلىق ئائىلەمدىكىلەرنىڭ يۈكىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ يېنىكلىتىش بىلەن بىرگە، نۇرغۇن كىتاب ـ ماتېرىياللارنى سېتىۋالدىم.

ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتە، مەن كېرەكلىك كىتابلاردىكى نەزەرىيىلەرنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگەندىم. نەتىجىدە، ئوقۇتقۇچىلىرىم، ساۋاقداشلىرىم ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلار بىلەن بىر تۇغقاندەك ئۆتىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ئۈرۈمچىدە ئولتۇرۇشلۇق داڭلىق ئەربابلار ۋە تارىخىي شەخسلەرنى زىيارەت قىلىپ، بەلگىلىك ئۈنۈم ـ ھاسىلاتقا ئىگە بولدۇم.

يۇقىرىقىلار، مەن ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئاساسىي ماھارەتلەر. ئەپسۇسكى، يەنە بەزى پۇشايمان ـ ئارمانلىرىممۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، مەن بۈيۈك ئەبىدىلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئالىم، دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىداكتىك قامۇس بولمىش «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تالانتلىق شائىر ناۋائى ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىجادىيىتىدىن خەۋەرسىز قالدىم. ئىنگلىز تىل ـ يېزىقى سەۋىيەمنىڭ يېتىشسىزلىكىدىن، ئاسپىرانتلىققا ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدۇم.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەن بۇ يازمامنى بىر جەھەتتىن ئۆزۈمنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى خۇلاسىلەش ۋە ھەر قايسىڭىزلارغا ئىبرەت قىلىش نىيىتىمدە يازغان بولسام، يەنە بىر جەھەتتىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىنى ـ سىڭىللىرىمنىڭ پايدىلىنىشى، ياخشى قىلغان تەرەپلىرىمدىن ئۆگىنىپ، ياخشى قىلالمىغان تەرەپلىرىمدىن ئىبرەت ئېلىش ئاساسىدا تولۇقلاپ ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ يازدىم. (06)

(ئاپتور: خوتەن شەھەر ئىلچى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

# پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى

خالمۇھەممەت مەھمۇت

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك نەزەرىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ھەم ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىك ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا ئوخشاش شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېچىلغان زۇنيى يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە جانلىق تەتبىقلاپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك نەزەرىيىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. بۇ نەزەرىيە ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر ئەۋلاد پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ رەھبەرلىك ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك ئىدىيىسى دەپمۇ ئاتالدى. ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ توغرا رەھبەرلىك ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورناتتى. 1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئېچىلغان پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئەسلىدىكى توغرا رەھبەرلىك نەزەرىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى ئەمەلىيەت جەريانىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يېڭى تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى. دېڭ شياۋپىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ، دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىك ئىدىيىسى ۋۇجۇدقا كەلدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىك ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك ئىدىيىسىنىڭ داۋامى، راۋاجى ۋە مۇكەممەللىشىشى، شۇنداقلا يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى يېڭىلىنىش بولۇپ، ئۇ ئۇزۇل ـ كېسىل، ئىزچىللىق ۋە ئەمەلىيەتچانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئېچىلغان پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولغان يولداش جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى جەريانىدا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى چىڭ تۇتۇش، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ياخشىلاپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قاتارلىق ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق ئىككى ئەۋلاد رەھبەرلىك يادرو تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى پارتىيىمىز ئىشلىرىنىڭ ئىجادچىلىرى ۋە ۋارىسلىق قىلغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئىدىيىسى گەرچە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئورتاق نىشان، ئورتاق نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىككە، ئورتاق سىنىپىي ئاساسقا، ئورتاق رەھبەرلىك تەشكىلىگە، ئورتاق رەھبەرلىك ماھىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئىدىيىسى ۋە رەھبەرلىك پائالىيىتى جەمئىيەتتىمۇ نۇرغۇن ئورتاقلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن.(09)

(بۇ ماقالە «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ژۇرنىلىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

# بۈركۈت، توخۇ ۋە توخۇ، بۈركۈت



پەرھات تۇرسۇن

ئانا بۈركۈت يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بالىسىنى چىشلەپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن بالىسى ئاغزىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. بالا بۈركۈت ئاسماندىن چۈشۈپ دەل يېڭىدىن چۈجە چىقارغان توخۇنىڭ ئۇۋىسى ئۈستىگە چۈشكەنلىكتىن، جېنى ئامان قاپتۇ. مېكىيان بالا بۈركۈتنى ئۆز چۈجىلىرىگە قوشۇپ بېقىۋاپتۇ. مېكىياننىڭ كۆكۈل قويۇپ بېقىشى نەتىجىسىدە بالا بۈركۈتمۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇپ، ئاخىر چوپچوڭ بۈركۈتكە ئايلىنىپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، بالا بۈركۈت ئىزچىل چۈجىلەر ئارىسىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە بۈركۈت سىياقىدا بولسىمۇ قانات قېقىپ ئۇچالمايدىكەن، ئۇۋ ئۇۋلاشنى بولسا تېخىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۆزىنىڭ بارلىق قىلغان ـ ئەتكىنى باشقا چۈجىلەر بىلەن ئويىنىشاش بولۇپ، توخۇدىن ھېچ پەرقى يوق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا بۈركۈت توخۇلار توپى ئارىسىدا دانلاپ يۈرگەن بالىسىنى بايقاپ قېلىپ، بالا بۈركۈتنى چىشلەپ كۆك ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئانا بۈركۈت بالىسىغا: «سەن دېگەن بۈركۈت بالىسى، شۇڭا كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىشىڭ، ئۇۋ ئۇۋلاپ جاسارەت ناۋلىشىڭ، جۇدۇن ـ چاپقۇنلارغا باش ئەگمەي، مەردانىلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈشۈڭ كېرەك. يەر يۈزىدە ئۆمىلەپ يۈرۈپ ياشساڭ ھەرگىز بولمايدۇ!» دەپتۇ. بالا بۈركۈت بولسا: «مەن دېگەن توخۇنىڭ بالىسى، مېنىڭ يەر يۈزىدىن ئايرىلىپ ياشىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!» دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئانا بۈركۈت ئۆز بالىسىغا گەپ يېگۈزەلمەي، نائىلاج بالا بۈركۈتنى ئاسمان بوشلۇقىغا تاشلىۋېتىپتۇ. بالا بۈركۈت دەرۋەقە ئىنتايىن چاتاق ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. چۈنكى، ئەگەر دەرھال ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانمىسا، يەر يۈزىگە موللاقلاپ چۈشۈپ كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلىشتىن ئىبارەت ئەجەللىك خەۋپ بار ئىكەن. بالا بۈركۈت باشتا «خەير، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي» دەپ، ھەممىنى تەقدىر ـ پېشانىگە دۆڭگەپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ھېچ ئىش قىلماي شۈك تۇرۇۋاپتۇ، لېكىن بۇ ھېچبىر كارغا يارايدىغاندەك قىلماپتۇ. شۇڭا، ئاخىر بولالماي قانات قېقىپ بېقىپتىكەن، ئويلىمىغان يەردىن ئاسماندا پەرۋاز قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭغا ھەم ھەيران قېلىپ، ھەم خۇش بولۇپ كەتكەن بۈركۈت بالىسى ئۆزمەي قانات قاققانىكەن، كۆك ئاسماننىڭ قەرىگە ئۆرلىگىلى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۈركۈت بالىسى بۈركۈتلەر

سىپىغا قوشۇلۇپ، يېپيېڭى ھايات مۇساپىسىگە مەغرۇر قەدەم تاشلاپتۇ....

ئەگەر بۈركۈت بالىسى يەر يۈزىدە ئۆمۈر بويى بىر خىل تىنىچ ھايات كەچۈرۈۋەرگەن بولسا ئىدى، پۈتۈن ھاياتىنى شۇ تەرىزدە ياشاپ تۈگەتكەنمۇ بولار ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ ھالدا بۈركۈت بالىسى پۈتكۈل ئۆمرىدە پەقەت ۋە پەقەت توخۇغىلا ئايلىنىپ قالاتتى خالاس! ئاسمان بوشلۇقىدا تاشلىۋېتىلىشىدىن ئىبارەت قىيىنچىلىقنىڭ سىنىقى ئارقىلىق بۈركۈت بالىسى ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يېڭىۋاشتىن تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، يېپيېڭى ھاياتقا قايتىدىن ئېرىشەلىگەن. مۇبادا، بۇنداق قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۈلات بولمىغان بولسا، بۈركۈت بالىسى ھامىنى توخۇ ھالىتىدە قېلىۋېرىپ، يېڭى ھاياتقا قەدەم قويۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

ماھىيەتتىن ئالغاندا، ھەربىر ئىنسان بىر بۈركۈت دېمەكتۇر. شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەر يەنىلا ھەقىقىي تۈردە بۈركۈتكە ئايلىنالماي، باشتىن ـ ئاخىر توخۇدەك ياشاپ جاھاندىن ئۆتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئاغزىدا ئېيتقاندەك، قىيىنچىلىق ـ مۇشكۈلاتنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ شەرت ـ شارائىتنى بوغۇپ قويغانلىقىدىن بولماستىن، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ھايات مۇساپىسىدە يا ئۆلۈم، يا كۆرۈمدىن دېرەك بېرىدىغان، ياشاشقا مەجبۇر قىلىدىغان چىن مەنىسىدىكى ھەقىقىي قىيىنچىلىقنى ئەزەلدىن باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ تەقدىرنى ئۆزگەرتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتەلمىگەنلىكى، شۇ ۋەجىدىن يەر يۈزىدە ئۆزىنى ئىزچىل توخۇ قاتارىغا قويۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ، بۈركۈتتەك ئەركىن پەرۋاز قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن بولغان. كونىلارنىڭ «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگىنى دەل مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھەقىقىي قىيىنچىلىق كىشىنى تىنماي تىرىشىپ، سىجىل ئالغا چامداشقا مەجبۇر قىلىدىغان، كىشىنىڭ توختىۋېلىشى ياكى ئارقىغا چېكىنىشىگە مۇتلەق يول قويمايدىغان مەنىۋى قامچا؛ ھەقىقىي قىيىنچىلىق مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قويۇلغان سىناق تېشى بولۇپ، تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى؛ ھەقىقىي قىيىنچىلىق كىشىنى تاۋلاپ يېتىلدۈرىدىغان ئوچاق؛ ھەقىقىي قىيىنچىلىق ئاجىزلار ئۈچۈن ھالاكەتلىك تۇسالغۇ. غالىبلار ئۈچۈن تېخمۇ يۈكسەك پەللىگە تاقلايدىغان پەللە؛ ھەقىقىي قىيىنچىلىق قەھرىماننى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرىدىغان بۆشۈك. دېمەك، قىيىنچىلىق پۇرسەتتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇغىنىسى، بۇ خىل پۇرسەت قورقۇنچاقلار ئۈچۈن جەسەت يىغىدىغان قەبرىستانلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئارىمىزدا ئىزچىل سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈپ، چاپىنى تىزىدىن ئاشمىغان، بۇنىڭ سەۋەبى ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ـ تۈمەن قىيىنچىلىقلارنىڭ كاساپىتىدىن ئالغا چامداشقا زادىلا مۇمكىنچىلىك بولمىغانلىقىدا ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەر دائىم ۋايساپ يۈرۈۋاتقان كىشىلەر ئاز ئەمەس. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چېلىپ، شۈكرى ـ قانائەت ئىچىدە غورىگىل بولسىمۇ ئوخشاشلا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىگەنلىكى ماھىيەتتە گىر باسقۇدەك ھەقىقىي قىيىنچىلىق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەقىقىي مۇشكۈلات ئىچىدىكى كىشى بىر بولسا ئۆز غەيرەت ـ شىجائىتى ۋە تىنىمسىز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئاخىر قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېپيېڭى گۈزەل ھاياتقا ئېرىشىش نەتىجىسىدە ھەقىقىي قىران بۈركۈتكە ئايلىنىدۇ؛ بىر بولسا قىيىنچىلىق تەرىپىدىن ھالاك قىلىنىپ، تەلتۆكۈس ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىنىدۇ ـ دە، سەپتىن شاللىۋېتىلىپ، تامامەن بەربات بولىدۇ. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن ماقالنىڭ كۆزدە تۇتقىنىمۇ دەل شۇ. (06)

(ئاپتور: چاپچال ناھىيە كان يېزا كان كەنتىدە)



# «قالتىس»لار ھەققىدە «قالتىس» گەپ

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

مەن پىكىر قىلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن مەۋجۇتمەن.

—دېكارت

مەيلى سىز كىم بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى چوڭ تۇتماڭ، چۈنكى ئۆبدانىراق ئويلاپ كۆرىدىغان بولسىڭىز، نورمال ئادەملەردىن قىلچە پەرقلىنىپ كەتمەيسىز. بەزىدە ھەتتا سىز ئانچە كۆزگە ئىلىنمىغان بەزى كىشىلەر چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىن.

بۇرادەر، سىز ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك قالتىس ئادەممۇ؟ سىز باشقىلاردىن نېمە ـ نېمىلىرىڭىز بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىسىز؟ بىراق نېمىلا دېمەڭ، سىز ئالدى بىلەن يەنىلا ئادەم. ئادەتتىكىلەردىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان ئادەم!

توغرا، سىز ئۆزىڭىزنى سۆيۈشكە ھوقۇقلۇق! ھەتتا ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن ئالاھىدىرەك ھېس قىلىۋېلىپ، ئۆز كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن، سىز ھېچبولمىغاندا ئائىلىڭىزدە، ئىشتىن چۈشكەن چاغلاردا ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئادەتتىكى ئادەم —ئۆي ئىچىدىكىلەر بىلەن خىلمۇخىل مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، بەلگىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى تەن ئېلىشىڭىز لازىم. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئادەم ئائىلىدە، خىزمەتتە، ئوقۇشتا، ئىلمىي تەتقىقاتتا، سودا ـ سېتىق ساھەسىدە بەختسىزلىككە دۇچار بولىدۇ. سەۋەبى ئۇلار ئۆزىنى «قالتىس» ئادەم دەپ چاغلايدۇ. ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىنى، يول قويۇشىنى، ھەتتا تۈرلۈك ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن يولسىزلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ ناچار تەبىئەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ؛ بىراق بۇنى ئۆزلىرى ھېس قىلالمايدۇ. توغرىسى — ئۇلار ئاخىر بېرىپ بىچارە ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. دېمەك، شۆھرەتپەرەسلىك ئۇلارنى خار قىلماي قالمايدۇ. مېنىڭ بىر يېقىن بۇرادىرىم بولىدىغان، ئۇ نۇرغۇن يىل قاپىيە تۈزگەن، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ۋاقىت خاراكتېرلىك، بەدىئىيلىكى تۆۋەن، يەنە كېلىپ مەزمۇنىنىڭ تايىنى يوق يازمىلارنى ئىزچىل ئېلان قىلىپ كەلگەن. گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئىسمى كۆرۈنسىلا تېرىسىگە پاتماي قالىدىغان. بىر كۈنى بۇ بۇرادىرىمىز بىلەن بازار ئارىلاپ قالدۇق. ئۇ ئەسلىدە بىر كېسەلنى يوقلاش ئۈچۈن ئىككى كىلوگراملا ئۈزۈم سېتىۋالماقچى ئىكەن. نۇرغۇن باققاللار بىلەن با-

هادا كېلىشەلمەي قايتىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىردا بىر باققال ئۇ دېگەن باھادا سېتىپ بېرىدىغان بولدى، لېكىن ھېلىقى ئاغىنەم ئۇنىغا يېقىن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ، بىرەر يۈز كىلوگرام سېتىۋالىدىغاندەك قىلىپ كەتتى. «بېرەي» دېگەن لەۋزى ئۈچۈن باققال غىڭ - پىڭ قىلالمىدى، پۇل تۆلەيدىغان چاغدا بۇرادىرىمىز ئىككى يۈەننى قىسۋېلىپ: «ئۇكام، مەن دېگەن پالانى كىشى» دېمەسمۇ، ھېلىقى باققال: «ھېلىغۇ پالانى ئىكەنلا، بۇش، شارون بوپ كەتسىلىمۇ مېنىڭ سىلى بىلەن نېمە كارىم؟!» دەپ ئۇنى ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

قالتىس ئادەم بولۇش يامان ئىشمۇ؟ ياق، چۈنكى كىچىكىمىزدىن باشلاپلا ئاتا - ئانىلىرىمىز، ئاكا - ھەدىلىرىمىز، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، دوست - يارەنلىرىمىز، ئۇستازلىرىمىز بىز ياشلاردىن چوڭ بولغاندا قالتىس ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ خىل تىلەك نوقۇل، مەقسەتلىك چېنىقىش جەريانى تۈگەللەنمەيلا بەزىلىرىمىزنى قالتىس ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بىراق بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن شۇنداق قالتىس ئادەم بولالىدۇقمۇ؟ ياق! بىز پەقەت باشقىلارنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىدۇق. بىز مۇشۇ خىل قاراشتىن قۇتۇلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا كىمدىندۇر بىرنەرسە كۈتىمىز! نەتىجىدە «قالتىس» لىقىمىز تۈپەيلى باشقىلارغا بېسىم پەيدا قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمەيدۇ. جەمئىيەت دېگەندە ھەممىلا ئادەمنىڭ بىزگە قول باغلاپ: «تۆرەم، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن» دەپ تۇرۇشىنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. داڭلىق ئادەم بولغانسېرى تۇرمۇشتىن ئالىدىغان خۇشاللىقىمىزمۇ ئاز بولىدۇ. جورىمىز، بالا - چاقىلىرىمىز، ئاتا - ئانىلىرىمىز، ئەل - ئاغىنىلىرىمىز بىلەن كۆڭۈل يايرايدىغان ۋاقتىمىز بەزى «مۇھىم» ئىشلارغا سەرپ بولۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، ئۆي ئىچىدىكىلەردىن، ئۇرغۇن دوست - بۇرادەرلىرىمىزدىن يىراقلىشىپ قالىمىز.

قالتىس ئادەم بولۇش ھەرگىزمۇ يامان ئىش ئەمەس. ئۇ، دەۋرنىڭ تەلىپى. بۈگۈنكى رىقابەتلىك دۇنيادا بىر مىللەت، بىر خەلق، بىر دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى دەل قالتىس ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى گىگانت ئالىم، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئۇلار چوڭ - كىچىك مۇنبەرلەرنى قولدىن بەرمەي، ئۆز خەلقىگە ئىلىم تارقىتىدۇ؛ تەربىيىلەش، تەشكىللەش، ئەمگەك يوللىرىنى ئېچىش، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. باشقىلار بىلەن بولغان ھەر خىل رىقابەتتە ھامان ئۇتۇپ چىقىش يوللىرىنى ئاچىدۇ. ئۇلاردىكى پەزىلەت ھەم مول بىلىم بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ئاساستا ئادىمىيلىك خىسلىتى نامايان بولىدۇ، ئۇلار ھەربىر قەدەمدە شادلىققا ئېرىشىدۇ، ھەربىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇلار راستچىل، پىداكار، ئەمگەكچان، قورقۇمسىز كېلىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدۇ.

قالتىس ئادەم بولغاندا تۇرمۇشىڭىز ھەقىقەتەن بەختلىك بولارمۇ؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تېخىمۇ تەس. ئەگەر كىمكى قالتىس ئادەم بولغاندىن كېيىن ئەخلاقسىزلىق قىلسا، شەرمەندە بولىدۇ. لېكىن ئاددىي ئادەملەرگە دىققەت قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم قالتىس ئادەم بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، چىن دوستلىرىغا ۋاپادار بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزى مۇناسىۋەتلەشكەن ھەرقانداق ئادەمگە خالىس مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ «قالتىس»لاردىن دەشنام يېگەن چاغلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسا، ئۇنداق ئادەم تاسادىپىي كېلىشمەسلىككە يولۇقمىسىلا، تۇرمۇشنى تېخىمۇ مول مەزمۇنغا ئىگە قىلالايدۇ، بەختنى بىراۋدىن كۈتمەستىن، ئۆزى يارىتالايدۇ! (09)

# ئىنسان ئارزۇسىنىڭ يېشىمى



——— سەۋلە ئەيتقالى ———

ئادەم ئارزۇسىنىڭ چېكى بولمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى «قورسىقى تويسىمۇ كۆزى (نەپسى) تويماس» دېگەن تەمسىل مانا مۇشۇ قائىدىنى چۈشەندۇرىدۇ. ئامېرىكا ئوھىئو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر تۈرلۈك يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئىنساننىڭ بارلىق ھەرىكىتى 15 تۈرلۈك ئاساسلىق ئارزۇ ۋە قىممەت قارىشىنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. بۇ، ئىنسان ھەرىكىتى ھەققىدە تۇنجى قېتىم چىقىرىلغان ھەقىقىي ھۆكۈم. مەشھۇر پسىخولوگ فروئىدنىڭ نەزەرىدە، ئىنساننىڭ ھەرىكىتى پەقەت ئۇنىڭ «خاراكتېرى» دىن ئىبارەت بىرلا سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەمدىلىكتە ئوھىئو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پسىخولوگلار ئارزۇنى «خاراكتېر، قىزىققانلىق، ئاداۋەت، شۆھرەت تۇيغۇسى قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ بىردىنبىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى» دەپ قارىدى.

ئامېرىكىلىق روھىي كېسەللىكلەر پروفېسسورى سېتىۋېن ئېس مۇنداق دەيدۇ: «ئالاھازەل ئىنسان قىلماقچى بولغان ھەربىر مۇھىم ئىش 15 تۈرلۈك ئارزۇنىڭ بىر تۈرىگە ياكى بىرنەچچە تۈرىگە ياتىدۇ. بۇنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن دېگۈدەك ئىرسىيەت ئېلىمىنى ئۇل قىلغان بولىدۇ. بۇ خىل ئارزۇلار ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.» پروفېسسور سېتىۋېن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ئارزۇسىنىڭ كۆپىنچىسى غەيرىي تۇس ئالغان بولىدۇ. ئۇ ھايۋاننىڭ ئارزۇسى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق گېن ئاساسىدا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.»

تەتقىقاتچىلار ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ 15 خىل ئاساسىي ئارزۇغا بولغان تەلىپى ۋە قارىشىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، «خاراكتېر» نى ئېلىپ ئېيتساق، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن ئىبارەت بۇ قائىدىنى ھەممە ئادەم قوبۇل قىلالايدۇ، لېكىن ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەۋزەللىكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىقتىدارى بەرھەق ئوخشاش بولمايدۇ.

بەزىلەر ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئەھمىيەت بەرسە، بەزىلەر بۇنىڭغا سەل قارايدۇ. شۇڭا، رېئال ھاياتتا بەزىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تىرىشىدۇ، بەزىلەر ئابرۇيپەرەس كېلىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، دوستلۇققا، ئائىلىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، بەزىلەر «خىزمەت مەستانىسى» كېلىدۇ. ئۇنداقتا، ئىنساننىڭ 15 خىل ئاساسىي ئارزۇسى ۋە قىممەت قارىشى دېگەن نېمە؟

1. قىزىقىش تۇيغۇسى. بۇ ئىنساننىڭ ئۆگىنىش ئارزۇسىنىڭ چەكسىزلىكىنى، ھېچقانداق كۈچ بۇنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2. يېمەكلىك يېيىش ئارزۇسى. «ئادەم تائام بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ»، بۇنىڭغا ھېچقانداق گەپ كەتمەيدۇ.

3. شۆھرەت تۇيغۇسى. بۇ يەردە ئاساسەن ئومۇمىي ئەخلاق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ بىر مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىي فورماتسىيىنى تەشكىل قىلىدۇ.

4. جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدىغان تەھدىت تۇيغۇسى. ھەممە ئادەم قائىدىلىك بولۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئىنساندا بۇ خىل تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ.

5. جىنسىيەت. بۇ، ئىنسانغا ئورتاق بولغان بىر ئۇقۇم.

6. تەنتەربىيە ھەرىكىتى. دائىم ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر تەرىپى.

7. تەرتىپ تۇيغۇسى. رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەر رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

8. مۇستەقىل ياشاش ئارزۇسى. بۇ، ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش تەلىپىنى كۆرسىتىدۇ.

9. ئاداۋەت تۇيغۇسى. بۇمۇ ئىنسان ماھىيىتىگە مايىل كېلىدىغان سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن پەيدا بولىدىغان بىر خىل تۇيغۇدۇر.

10. ئىجتىمائىي ئالاقە ئارزۇسى. بىر ئادەم تەنھا ياشىيالمايدۇ. ئىنساننىڭ قىممىتى پەقەت كۆپچىلىك ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

11. ئائىلە ئارزۇسى. بۇ، ئىنساننىڭ ئائىلە خۇشاللىقىدىن ئورتاق بەھر ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

12. ئىجتىمائىي قىممەت تۇيغۇسى. بۇ، ئىنساننىڭ ئۆز شان ـ شۆھرىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا بولغان ئارزۇسىنى كۆرسىتىدۇ.

13. يېرگىنىش تۇيغۇسى. بۇ، ھەر خىل كېسەللىك ۋە روھىي ئازابقا بولغان بىر خىل يېرگىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

14. پۇقرالىق ھوقۇقى تۇيغۇسى. بۇ، ئىنساننىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەتكە بولغان تەلىپىنى كۆرسىتىدۇ.

15. كۈچ ـ قۇدرەت تۇيغۇسى. ھەممە ئادەم دېگۈدەك جىسمانىي كۈچ جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

دېمەك، ئىنسان ئارزۇسىنىڭ چېكى بولمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك يىلتىزى بولىدۇ. (02)

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىدە)

## ئەقىل دۇردانىلىرى

خىزمەتنى بىر خىل ھۇزۇر ـ ھالاۋەت دەپ قارىغاندا، تۇرمۇش بىر خىل لەززەتلىك بولىدۇ! خىزمەتنى بىر خىل مەجبۇرىيەت دەپ قارىغاندا، تۇرمۇش بىر خىل ئازابلىق بولىدۇ.

**—ماكسىم گوركىي**

سىز ھاياتىڭىزنى قەدىرلەمسىز؟ ئۇنداقتا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭ؛ چۈنكى، ئۆمۈر ۋاقىتتىن تەركىب تاپىدۇ.

**—بېنجامىن فرانكلىن**

بىزنىڭ مەدەنىي جەمئىيىتىمىزدە، ئەرلەر ئۆزىنىڭ لاياقەتلىك ئەر بولالماسلىقىدىن ئەنسىرىسە، ئاياللار ئۆزىنىڭ ھامان ئايال دەپ قارىلىدىغانلىقىدىن قورقىدۇ.

**—ھېئودورې رېك**

پەقەت ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن كىشىلەرلا ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقىدىن ئاغرىنىدۇ.

**—لا. برويېرې**

ھايات ھەرقانچە جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

**—خېللېن كېللېر**

بىر مىللەت پەقەت ئېرىقچىلىق قىلىش بىلەن شېئىر يېزىشنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىلا ئاندىن گۈللەپ ياشنىيالايدۇ.

**—ب. ۋاشىنگتون**

دۇنيادا ھەقىقىي نادانلىق ۋە ئىستايىدىل ئەخمەقلىقتىنمۇ ئارتۇق خەتەرلىك ئىش يوق.

**—مارتىن لوتخېر جىر**

بەخت خۇددى كوكۇسقا ئوخشايدۇكى، ئۇ باشقا مەسئۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئويلىمىغان يەردىن تاسادىپىي ئېرىشتۈپ قالىدىغان نەرسىدۇر.

**—ئالدوس خوشلېي**

ۋاقىت قايغۇ ـ ھەسرەتنى بېسىپ كېتىدۇ، جېدەل ـ ماجىرانى تىنچىتىدۇ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىمىز، بىزنىڭ قايتىدىن ئىسلىدىكى ئۆزىمىزگە قايتالمايدىغانلىقىمىزدۇر.

**—بىئېيسې پاسكال**

(شىنجاڭ سانائەت شۆبۇەنى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئىشخانىسىدىن ھەبىبۇللا مەمەت تەرجىمىسى)

# دەۋا ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزۈلىدۇ

—— مامۇت بارات ——

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئىقتىسادىي مۇئامىلە جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇشى نورمال ھادىسە. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرى كېلىپ چىققاندىن كېيىن، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلونى قانۇن بويىچە سوت قىلىپ قاراپ چىقىشى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەھۋال. ئەمما، بەزى كىشىلەر ئۈستىدىن باشقا بىرەرسى بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن دەۋا قىلسا، بۇ كىشىلەر «بۇ ئىش مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز» ياكى «بۇ ئىشتا مېنىڭ ئاساسىم بار» دېگەندەك قاراشلار تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ دەۋا جەريانىدىكى ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە، دەل ۋاقتىدا، تولۇق يۈرگۈزمەي، كېيىن كۆپ پۇشايمان قىلىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۆزى مەلۇم بىر دەۋادا «جاۋابكار» بولۇپ قالغاندىمۇ، يۇقىرىقىدەك پۇشايمانغا قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە سەل قارىماسلىقى كېرەك.

1. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەل ۋاقتىدا سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ، دەۋاگەرنىڭ ئەرز خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەزكۇر دېلونىڭ شۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر دېلونى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى توغرا بولمىغانلىقىنى بايقىسىڭىز، ئەرز خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 15 كۈن ئىچىدە دېلونىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە قارىتا باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسىڭىز، پىكرىڭىز ئورۇنلۇق بولسا، كېسىم ئارقىلىق دېلونى باشقۇرۇش تەۋەلىكى بار سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئەگەر پىكرىڭىز ئورۇنلۇق بولمىسا، خەلق سوت مەھكىمىسى كېسىم ئارقىلىق باشقىچە پىكرىڭىزنى رەت قىلىدۇ.

2. دەۋاگەرنىڭ ئەرزىگە ۋاقتىدا جاۋاب بېرىش كېرەك. ئەرزگە جاۋاب بېرىش جاۋابكارنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى مۇھىم شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ، جاۋابكار دەۋاگەرنىڭ ئەرز خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە ئەرزگە جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك. جاۋابكار بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئەرزگە جاۋاب بەرمىسىمۇ، سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلونى سوت قىلىشقا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ئەمما جاۋابكار ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق پاكىت سۆزلەش، دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنى دەۋاگەر ۋە سوت مەھكىمىسىگە كۆرسىتىپ بېرىش پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويغان بولىدۇ.

3. قارشى ئەرز قىلىش ـ قىلماسلىقنى ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك. ئەگەر جاۋابكار دەۋاگەرنىڭمۇ مېنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىمنى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتقان تەرىپى بار دەپ قارىسا، دەرھال قارشى ئەرز قىلىش كېرەك. ئەمما قارشى ئەرز دەۋاگەر ئەرز قىلغان ئوخشاش بىر خىل قانۇنىي مۇناسىۋەت ياكى ۋەقە بولۇشى شەرت. دەۋاگەر ئەرز قىلغان ئىشتىن باشقا بىرەر قىلمىش توغرۇلۇق مەزكۇر دېلودا قارشى ئەرز قىلىشقا بولمايدۇ.

4. سەۋەبسىز سوتقا قاتناشماسلىقتىن ساقلىنىش كېرەك. خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇنلۇق چاقىرتقان تۇرۇقلۇق سوتقا كېلىپ دەۋاغا قاتناشمىسا، سوت مەھكىمىسى دېلونى ئۆز ۋاقتىدا سوت قىلىپ، سىرتتىن ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە. شۇڭا، دەۋاگەرنىڭ سوتقا قاتناشماسلىقى ئۇنىڭ دېلونى قاراپ چىقىش جەريانىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ھوقۇقىنى يۈرگۈزمىگەنلىكتىن ئىبارەت.

5. دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئەتراپلىق توپلاپ، سوتقا

تاپشۇرۇش كېرەك. سوت ئېچىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىگە پايدىلىق بولغان مەزكۇر دېلونىڭ پاكىتىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئەستايىدىل توپلاش كېرەك. نۆۋەتتە، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىجىرىشتىكى «كىم تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا شۇ تەرەپ دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىش» پرىنسىپى بويىچە، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلارغا قارىتا مۇناسىۋەتلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارنى سوت ئۈستىدە كۆرسىتىشى كېرەك.

6. دەۋا جەريانىدا قائىدە سۆزلەش، سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش، قارشى تەرەپنىڭ ياكى كېڭەشمە سوت تەركىبىدىكى سودىيىلەر ۋە پۈتۈكچىلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش، پىكىر قىلىشتا باش سوتچىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش، سوت جەريانىدا سالماق بولۇش، سوتنىڭ ئوقۇشلۇق ئېچىلىپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋاقتىدا، ئادىل ھۆكۈم ـ كېسىم چىقىرىشىغا ماسلىشىش كېرەك.

7. نارازىلىق ئەرزنى ۋاقتىدا بېرىش كېرەك. دەۋالاشقۇچىلاردىن قايسى تەرەپ بىرىنچى سوت ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا، ھۆكۈمنامىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەرسە بولىدۇ، شۇنداقلا ۋاقتىدا دەۋا ھەققى تاپشۇرۇش كېرەك.

8. كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈمنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىشى كېرەك. سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمدە مەلۇم مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، ھۆكۈم قىلىنغان دەۋالاشقۇچىلار ھۆكۈمدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئىجرا قىلمىسا، سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرىدۇ.

قىسقىسى، پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە ياكى باشقا تەشكىلاتلار جاۋابكارلىق ئورنىغا چىقىپ قالغاندا ھەرگىز قورقۇش پوزىتسىيىسىدە بولماي، قانۇن ئارقىلىق ئۆز مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك. (02)

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە)

## ئەقىل دۇردانىلىرى

ئادەتتىكىدەك بىر ئۆمۈر ياشاش، بىر قېتىم سۆيگەنگە يەتمەيدۇ، ھېچبولمىغاندا قىسقىغىنە بىر سائەت بولسىمۇ.

**ـــئاپخرا بېن**

ھازىرقىنى ئويلاشقا ئۇنچىۋالا كۆپ ۋاقىت يوق، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش بولسا بارلىق ۋاقتىمىزنى دېگۈدەك ئىگىلىۋېلىشى مۇمكىن.

**ـــساموئېل جونسون**

ئەقىل ـ پاراسەت ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەرنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىنى ۋە ئوخشاش بولغان شەيئىلەرنىڭ ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرىنى پەرق ئېتىشتە ئىپادىلىنىدۇ.

**ـــستائېل خانىم**

مەيلى ئۆتۈپ كەتكەن تۇرمۇش بولسۇن ياكى كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش بولسۇن، ئادەمنى ھازىرقى تۇرمۇشىدەك قانائەتلەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن كىشلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ھەرگىز بىتچىت قىلىۋېتەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

**ـــدىر لەيىلى**

كىمكى ھېچقانداق نۇقسانسىز ئەسەرنى ئوقۇيمەن دېيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئوقۇماقچى بولغىنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان، ھازىرمۇ يوق، كەلگۈسىدىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر، خالاس.

**ـــئالېكساندىر پولې**

ئىنسانلار بەختىنى ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئامەتتىن كېلىدۇ دېگەندىن كۆرە، ھەر كۈنى ئاز ـ ئازدىن ئېرىشىپ تۇرىدىغان نەپتىن كېلىدۇ، دېگەن تۈزۈك.

**ـــبېنجامىن فرانكلىن**

ئاقىلانە ئادەمگە ھەممە يەر ئۆز يۇرتتۇركى، يەر شارى ئۇنىڭغا تارلىق قىلسا، كۆك ئاسمان (ئۇنىڭغا) مېھمانسارايدۇر.

**ـــرالپ ۋالدو ئېمېرسون**

(شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى جەمئىيەت ئاماىلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئىشخانىسىدىن ھەبىبۇللا سەمەت تەرجىمىسى)

# ۋىجدان دېگەن نېمە

ـــــــ ئابلاجان هاسلوف ـــــــ

ۋىجداندىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنى ئېتىكا تارىخى بويىچە بىرىنچى بولۇپ قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى دېموكرىت ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، ۋىجدان ئادەم بىلەن هايۋاننىڭ پەرقىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ كېلىپ، «بۇتلار هەرقانچە ياساندۇرۇپ قويۇلسىمۇ بەربىر جېنى يوق» دېگەن. دېموكرىت ۋىجداننى بىر خىل نومۇس هەم ئۆز هەرىكىتىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا هۆكۈم قىلالايدىغان ئىقتىدار دەپ بىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن پەيلاسوپ، ئېتىكاشۇناس، ئەخلاقشۇناسلار ۋىجداننى ئوخشىمىغان نۇقتىلار بويىچە تەرىپلەپ كەلدى. بەزىلەر ۋىجداننى ئىنتايىن سىرلىق نەرسە قىلىۋېلىپ، «ئېھسانلىق ۋە هىدايەتنىڭ ئۆزىدە نامايان بولۇشى» دېگەن بولسا، بەزىلەر ۋىجداننى «تەڭرىنىڭ ساداسى» دېدى، يەنە بەزىلەر ۋىجداننى «كىشى قەلبىدىكى ئادىل سودىيە» دېدى.

كېيىن ۋىجدانغا مۇكەممەل ئىلمىي تەبىر بېرىلىپ، ئۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ هەرقايسى ساهەلىرى بويىچە ئەخلاقىي مىزان، ئەخلاقىي پرىنسىپ، ئەخلاقىي قائىدە ۋە ئەخلاقىي هېسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋەت ئۆلچىمى قىلىنىپ، كەڭ تۈردە قوللىنىلىپ كەلمەكتە. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەخلاقىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن بولغان ئىش ـ هەرىكەتلەر ۋىجدانلىق، ئەخلاقىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن بولمىغان ئىش ـ هەرىكەتلەر ۋىجدانسىزلىق دېيىلىپ، ۋاپاسىز، ئىككى يۈزلىمچى، ساختىپەز، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان كىشىلەر ۋىجدانسىز دەپ ئەيىبلىنىپ كەلدى.



ۋىجدان تەبىئىي هېس بولماستىن، بەلكى كىشىلەردىكى ئىچكى هېسسىيات ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىدىغان ئالاهىدە بىر خىل ئاڭ. ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى ئىنكاسى. ۋىجدان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە باغلىق، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ بىرلا خىلدا تۇرۇۋەرمەيدۇ. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ۋىجدان ــ سىياسىي، قانۇن، پەلسەپە، سەنئەت ۋە دىنغا ئوخشاش ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ۋىجدان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىتى بىلەن زىچ باغلانغان ئەخلاقىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ. كىشىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا هامان باشقىلار ۋە جەمئىيەت ئالدىدا مۇئەييەن مەجبۇرىيەت ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ئۆتىمەي، يېگانە ياشىيالمايدۇ. مانا شۇ مەجبۇرىيەت بىلەن مەسئۇلىيەت كىشىلەر قەلبىدە ئەخلاقىي هېس ۋە هەرىكەت مىزانى

بولۇپ ۋۇجۇدقا كەلگەندىلا، ئاندىن ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزلۈكىدىن تەكشۈرۈپ تۇرالايدىغان بولىدۇ. بۇ بىر مۇھىم مەنىۋى كۈچ. بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بىزگە نېمىنىڭ ئالىيجاناب، نېمىنىڭ ئار ـ نومۇس، نېمىنىڭ ئىھسانلىق، نېمىنىڭ قاباھەتلىك، نېمىنىڭ شان ـ شەرەپ، نېمىنىڭ پەسكەشلىك، نېمىنىڭ توغرا ـ خاتا، نېمىنىڭ ھەق ـ ناھەق، نېمىنى مەدھىيىلەپ، نېمىنى ئەيىبلەشنىڭ لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ. كىشىلەرنى ئۆز مۇددئاسى ۋە سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ كۆرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ھالبۇكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسى كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولغاچقا، ھەربىر كونكرېت شارائىتقا لايىق بىر يۈرۈش ئەخلاقىي قائىدە، تەرتىپ ئورنىتىپ قويغىلى بولمىغىنىدەك، ھەربىر ئالاھىدە شارائىت ئۈچۈنمۇ تەييار ئەخلاقىي لايىھە بېكىتىپ قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ھەممىلا ۋاقىت، ھەممىلا ئىشتا توغرا بولۇشى ياكى ھەممە ئىش ـ ھەرىكەتكە ئۇيغۇن بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، ئادەملەر تاسادىپىي بىر خىل ئاپەت، بىرەر ھادىسە، بىرەر بەختسىزلىككە ئۇچرىسا، ئاڭلىق ھالدا ئۆزلۈكىدىن ياردەم بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەكمۇ ياكى: «يامان بوپتۇ» دەپلا چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياكى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك كېرەكمۇ؟ بۇنىڭغا پەقەت ۋىجدانلا توغرا جاۋاب بېرەلەيدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھېسداشلىق ۋە ئىجتىمائىي ھېسسىيات بولمىسا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتمۇ، ئورتاق مەنپەئەتمۇ بولمىغان بولاتتى. باشقىلارغا مېھىر ـ شەپقەتى بولمىغان كىشى، باشقىلارنىڭمۇ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەخلاق بولمىسا ۋىجدانمۇ بولمايدۇ. بىز ئەخلاقنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ مەھسۇلى دېسەك، بۇ يەردىكى ۋىجداننىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتى دەل رېئاللىقتىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزى، ھېسداشلىق قىلىش — باشقىلارنىڭ ئازابىنى ئۆزىنىڭ ئازابى، باشقىلارنىڭ مۇشكۈلىنى ئۆزىنىڭ مۇشكۈلى دەپ بىلىشنى، راستنى راست دېيىش، يالغاننى راست دېمەسلىكنى، ئاقنى ئاق دېيىش، قارىنى ئاق دېمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ھېسسىي جەھەتتىكى قوللاشنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى مۇئەييەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋىجدان ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن ئىش ـ ھەرىكەتتىن ئىلگىرى بۇيرۇق قىلىش، تەكشۈرۈش، تىزگىنلەش، تەكشۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئىش ـ ھەرىكەتتىن ئىلگىرىكى مۇددئا ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنىڭ تەلىپىگە، شۇنىڭدەك تەكشۈرۈشتىن كېيىنكى ھۆكۈمنىڭ ئەخلاقىي جاۋابكارلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن بولسىلا، ئۇنى ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن قوللايدۇ، رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنىڭ تەلىپىگە ۋە ئەخلاقىي جاۋابكارلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىسا، ئۇنى رەت قىلىدۇ ھەم چەكلەيدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىگە خۇددى جەمئىيەتنىڭ «ئىشىك باققۇچىسى»دەك نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ۋىجداننىڭ ئۆلچىمى بەنىلا ئەمەلىيەت، ئۇ ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم ئەمەلىيەت ئارقىلىق باھالىنىدۇ. ھەرىكەت — مۇددئا بىلەن ئۈنۈمنىڭ ئورگانىك بىرلىكى، مۇددئا ھەرىكەتنى قوزغىسا، ئۈنۈم ھەرىكەتنى خاتىرىلەيدۇ. مۇددئا ھەرىكەتنى ئۆلچەرلىسە، ئۈنۈم ھەرىكەتنى ئىسپاتلايدۇ. مۇددئا بىلەن ئۈنۈم بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ۋىجداننى سىناشمۇ مۇددئا بىلەن ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بولىدۇ.

مۇددىئانى تەكشۈرگەندە ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىپ، مۇددىئانىڭ كېلىپ چىقىشىنى، يەنى مۇددىئانىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى مۇلاھىزە قىلىشقا، مۇددىئانىڭ ئونۇمىنى تەكشۈرگەندە، ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ جەريانىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا ۋىجداننىڭ قانداقلىقىنى، مۇددىئانىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ۋىجدانغا ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا باھا بېرىش خۇددى تۇمانغا كىرىپ قالغاندەك بىر ئىش. يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قانۇنغا توشمايدىغان ياكى ئارىلاشقىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئائىلە تۇرمۇشى، ئەر ـ ئايال، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى پەقەت ۋىجدان تەربىيىسى ۋە ئەخلاقىي تەلەپ ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى مۇنۇ مىسالغا قاراپ باقايلى: × × زاۋۇتىنىڭ كاسسىرى بانكا كاسسىرىنىڭ بىپەرۋالىقىدىن 1000 يۈەن پۇلنى ئارتۇق ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىن بانكا كاسسىرى خىيانەت قىلدى، دېگەن گۇمان بىلەن قارىلىنىدۇ. بۇنى ھەرقانچە چۈشەندۈرۈپمۇ ئۆزىنى ئاقلىيالماي، گۇمان يەنىلا گۇمان پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندە، × × زاۋۇتىنىڭ كاسسىرى ئارتۇق ئېلىپ كەتكەن 1000 يۈەن پۇلنى بانكا كاسسىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ.

دېمەك، ۋىجداننىڭ كىشىلەر ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن ھالدا تىزگىنلەپ، پسىخىك جەھەتتە يېتەكلەپ تۇرۇشىدىكى سىر مانا شۇنىڭدا. يىغىپ ئېيتقاندا، ۋىجدان ـ ئىدىيە ۋە پەزىلەت جەھەتتىن مۇجەسسەملەشكەن مەنىۋى تۈۋرۈك، كىشىلەر ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ مەنىۋى كۈچ. (07)

(ئاپتور: ئىلى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتەپتە)

## بىر ئۆمۈر قانچىلىك ئۇزۇن

ھاياتلىقتا بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى نەچچە يىل، نەچچە ئون يىل ياكى 100 نەچچە يىل، ئۇنى ھېچكىممۇ ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيدىغان بولۇپ، بۈگۈن بىر ئوبدان ياشاپ تۇرۇۋاتقان ئادەم ئەتىلا بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەم ھاياتلىقتا، ئۆز نىشانىنى بەلگىلەپ ئالالايدۇ. ئەمما قانچە ئۇزۇن ياشاش مەسىلىسىنى بەلگىلەپ ئالالمايدۇ. ئادەمنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ئۇزۇن ياشاشنى ئۈمىد قىلىدۇ. قانچە ئۇزۇن ياشىسا شۇنچە ياخشى، ئەمما ئادەم ئۇنى ئۆزى بەلگىلەپ ئالالمايدۇ.

بۇنىڭدا: ياشاشنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى پەقەت كۈندە ئۆتكەن ھاياتنىڭ سۈپىتى ۋە قىممىتىگە قاراپ باھالاش كېرەك. بىر كۈن ئادەتتە 24 سائەت، بۇنى بەزىلەر 25 سائەت ھەتتا 26 سائەت قىلىپ ئىشلىتىشى مۇمكىن. ئەكسىچە بەزىلەر بولسا شۇ 24 سائەت ۋاقتىنىمۇ ئېرىقتىكى لاي سۇدەك بىكارغىلا ئۆتكۈزۈۋېتىشى مۇمكىن. دېمەك، ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلگەن ئادەم ئۆمۈرنى ئۇزارتالايدۇ. لۇشۈن ئەپەندىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ، باشقىلارنىڭ قەھۋە ھەم چاي دەملەپ ئىچىشكە سەرپ قىلغان ۋاقتىنىمۇ خىزمەتكە سەرپ قىلغان، شۇنداق قىلىپ ئۇ، ئۆمرىنى قەدىرلەپ قىسقا ئۆمرىدە ماھىيەتلىك نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالىغان. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشىمىز كېرەككى: بىر كۈننىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، بىر ئۆمۈرنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى پەقەت ئۆتكەن ۋاقىتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە قاراپ ئۆزىمىز بەلگىلەپ ئالالايمىز.(02)

(رىشىت راخمان. ت)



# بىر دەستە گۈل ۋە ئىككى گىردە

خانقىز ئابدۇرېھىم

يېقىندا بىر خىزمەتدىشىم ئاغرىپ كېسەلخانىدا يېتىپ قالدى. يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ھەربىرىمىز كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلىشۇدۇق، يىغىپ كەلسەك خېلى كۆپ پۇل بولۇپتۇ. نېمە ئېلىپ بارساق بولار؟ دېيىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئارىمىزدىن بىر ـ ئىككىسى گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ: «قەنت ـ گېزەك، يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ بارىدىغانغا بىز سەھرالىق بولمىغاندىكىن، مەدەنىيرەك بولۇپ، يېڭى گۈل كۆتۈرۈپ بارايلى» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ھازىر ئىلمىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلارمىش. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ ياسالغان چوڭ بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ كېسەلخانىغا كىردۇق....

ئۇزاق مۇددەت داۋالىنىشقا توغرا كەلگەچكە، پەقەت شۇ خىزمەتدىشىمنىڭ مائاشىغىلا قاراشلىق بۇ ئائىلىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، بىرنەچچە تونۇش ـ بىلىشلەردىن قەرز سوراش ئەھۋاللىرى بولغانلىقىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق. ئۈستەل ئۈستىدىكى قايناق سۇ قۇيۇلغان ئىستاكان بىلەن ئىككى دانە گىردىمۇ ئۇلارنىڭ قۇرۇق نان بىلەنلا قالغانلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى.

خىزمەتدىشىم بەلكىم بىزنىڭ يوقلاپ بارغانلىقىمىزدىن خۇشال بولغاندۇ. گۈلگە قاراپ، ھايات گۈزەللىكىدىن سۆيۈنۈش ھېس قىلىپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندۇ؛ ئەمما بىز ئۇنىڭ شۇ تاپتا زادى نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئاچ قورساققا ھەرقانداق مۇڭلۇق ناخشىنىڭمۇ ياقمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلىدۇقمۇ؟

ئىچىم سىيرىلىپ دوختۇرخانىدىن ئارانلا چىقىۋالدىم.... ئەلۋەتتە، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا زور يۈكسىلىش بولدى. بۇ جەھەتتىكى گۈللىنىشكە ھېچ كىشى كۆز يۇمالمايدۇ، ئەمما بىزدە تېخى ئايلىق مائاشىنى ئاران ـ ئاران يەتكۈزۈپ خەجلەۋاتقان بەزى خىزمەتچىلەر، تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتۈپ تېخى ئەمدىلا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ يولىنى تونۇۋاتقان جاپاكەش دېھقانلار، كىتابخانىنىڭ ئالدىغا كەلسە يانچۇقىدا كىتاب سېتىۋالغۇدەك پۇلىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆزىنى يۇمۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بەزى زىيالىيلار، باللىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئائىلە بىساتىنى سېتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان بەزى ئاتا ـ ئانىلار، دوختۇرغا داۋالىنىشقا پۇلى يوق جامائەتكە مۇراجىئەت قىلىۋاتقان بىمارلار يوق دەپ كىممۇ ئېيتالىسۇن! كىممۇ ھايات ياشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ يۆلىشىگە موھتاج كىشىلەر پۈتۈنلەي تۈگىدى دەپ ئېيتالىسۇن!...

شۇڭا دەيمەن، بىزگە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدىغان ئىشلارنى بولدى ئەمدى قىلمايلى، مايمۇندىن تۆرەلگىنىمىز ھەق راست بولسىمۇ، ئەمما مايمۇندىن كۆپ پەرقىمىز بولغاچقا دورامچىلىقنى تەرك قىلايلى. ئەمەلىيىتىمىزنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت ئويلاپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم، ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنەيلى. (06)



# ئەمدى مېنى «ئۆيدە بار» دەڭلار

—— ئادىلجان ھەسەن ——

جۇمە، شەنبىدىكى رېستوران قىزغىنلىقىدىن جاق تويغانىدىم. بارماي دېسەم دوست ـ يارەن، كەسپداشلارنىڭ سۆز ـ چۆچەكى ياكى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، باراي دېسەم ئەتىسلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان قۇرۇق، تۇتتۇرۇقسىز پاراڭلاردىن ئەنسىرەپ يۈرگىنىمگە خېلى بولغانىدى. ئاخىر ھالىمغا تۇشلۇق ئىش قىلايچۇ دېگەن نىيەتكە كەلدىم ـ دە، ئۆيدىكىلەرگە «جۇمە، شەنبىدە كەلگەن تېلېفوننى مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئالمايمەن. شۇڭا مېنى تېلېفوندا سۈيلىگەنلەرگە ‹ئۆيدە يوق› دەڭلار» دەپ جېكىلىدىم. شۇڭلاشقا، جۇمە، شەنبىدە ئۆلپەتلىرىمنىڭ مېنى سۈيلەپ چاقىرغان تېلېفونلىرىغا خوتۇن ـ بالىلىرىمنى يالغانچى قىلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەنە شۇ ھالەتتە ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۈچىنچى ھەپتىسى ئۆيگە كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تاماقنى يەپ بولۇشۇمغا ئۈزۈلمەي تېلېفون كەلگىلى تۇردى. خوتۇن ـ بالىلىرىم مېنى تولا «يوق» دەپ زېرىكتى بولغاي، ئاخىر ئەمدى كەلگەن تېلېفوننى «ئۆزىڭىز ئېلىڭ» دەپ زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى. تېلېفوننىڭ ئۈزۈلمەي جىرىڭلىشى نېرۋامغا تەسىر قىلىپ، نائىلاج تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم. «ۋەي، ‹يېڭى ئەسىر رېستوران›غا بىر كېلىپ كەتسىڭىز، تېلېفوننى ئالمىغىنىڭىزغا ھەم سورۇنلاردىن ئۆزىڭىزنى تارتقىنىڭىزغا قاراپ كۆڭلىڭىزنى چۈشەندۇق. شۇڭا بۈگۈنكى سورۇننى باشقىچە، يەنە كېلىپ سىز ئۈيلىغاندەك ئۆزگىچە ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇرۇنقىدەك تېتىقسىز ئىچىش، ئەھمىيىتى يوق پاراڭلار بولۇنمايدۇ. بەلكىم سىز بۇ سورۇننى چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىسىز، چوقۇم كېلىڭ...» دېدى. مەن قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ، ئايالىمنىڭ ھومىيىشىغىمۇ، «موزاينىڭ يۇ-

گۈرۈشى سامانلىقىچە» دېگەن تەنىسىگىمۇ پەرۋا قىلماي «يېڭى ئەسىر رېستوران»غا قاراپ يولغا چىقتىم. رېستوانغا كېلىپ، ئايرىم خانىدىكى جوزىنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم. ئۈستەلدە ئىككى ـ ئۈچ تۇرلۇك قورۇما، ئىككى بوتولكا «ئانار شەربىتى» ئىچىملىكى تۇراتتى. ئولتۇرغانلار مەن «جايلىشىۋالغان»دىن كېيىن، مېنى قىزىقتۇرغان پاراڭ تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

—ھەممىمىز ئوقۇتقۇچى، — دېدى ئۇلار، — بىر ھەپتە خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا مېڭىمىز چارچايدۇ، شۇڭا كاللىنى سەگىتىش ئۈچۈن ئاددىي، ئەمما كۆڭۈللۈك سورۇن ھازىرلىساق، پاراڭ تېمىمىز ئوقۇتۇشىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە بولسا، ھاراق ـ شاراب، ئارتۇقچە يېمەك ـ ئىچمەككە سەرپ قىلغان پۇلىمىزنى ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇيالمايۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا سەرپ قىلساق، دېيىشتۇق، دەپ مەندىن مەسلىھەت سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدۇم ھەم بۇ سورۇننى بىر ئايدا بىر نۆۋەت ئورۇنلاشتۇرۇش مەسلىھە-

تىنى بەردىم. شۇ كۈنكى سورۇندىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ قايتتىم. ئەتىسى سورۇندىكىلەر ئۆز ئىختىيارىلىقى بىلەن بەرگەن 120 يۈەن پۇلنى، ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلى ئوقۇش قورالى ئالالمايۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىۋاتقىنىمدا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى ئالەمشۇمۇل مۆجىزە ياراتقان ئادەمدەك بەخت دېڭىزىغا چۆمۈلدۈم. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ سورۇننى ئىككى نۆۋەت ئۆتكۈزدۇق. ئوقۇغۇچىلارغا 300 يۈەنگە يېقىن ئىللىقلىق يەتكۈزدۇق. سورۇندىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالە، بىر پارچە ماي بوياق رەسىمنى سورۇنغا ئەكىلىپ، باشقىلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاشتىكى كۆزقاراشلىرىنى جانلىق مىساللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشتى. رېستوران خوجايىنىمۇ گەرچە سورۇن غورىگىل بولسىمۇ، سورۇنىمىز ئىلمىي ۋە ساخاۋەتلىك تۈس ئالغاچقا، لەرزان مۇزىكا، قىزغىن كۈتۈشلەر بىلەن بىزنى قوللىدى. دېمەك، هازىرقى رېستوران قىزغىنلىقى، رېستوراندىكى بەتخەجلىك، ئىچىشۋازلىق كىشىنى ھەقىقەتەن يىرگەندۈرىدۇ. بىراق شۇ سورۇننىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ بۇنىڭغا بىز ئەتىسى پۇشايمان ئىچىدە جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولىمىز. پۇقرالارنىڭ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى تەكىتلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، سورۇننى ئەھمىيەتلىك قىلىپ، زېھنىمىزنى، ئارتۇقچە ھەشەمگە سەرپ قىلغان پۇلىمىزنى يېتىشەلمەيۋاتقانلارغا سەرپ قىلساق قوللاشقا ئېرىشىش بىلەن بىرگە، بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلىپ قالىمىز. ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، ئەمما ياخشى نام شۇ ئادەمنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا، ئەۋلادلىرىنىڭ پەخىرلىنىشىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. شۇڭا، سورۇن تۈزمەيلى ئەمەس تۈزمەيلى، ئەمما سورۇننىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايلى. چۈنكى سورۇننى ئەھمىيەتلىك قىلىدىغان ئۆزىمىز.(07)

(ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# چەرچەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى

نىياز كېرىمى

چەرچەن دەرياسى قۇرۇمتاغ (كۈنلۈن تېغى) بىلەن ئالتۇنتاغنىڭ تۇتاشقان جايىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 6303 مېتىر ئېگىز توققۇز داۋان مۇنكىسى (مۇزلۇقى)، 5805 مېتىر ئېگىز خادىلىك مۇنكىسى، ئاچچىقكۆل مۇنكىسى ۋە 7723 مېتىر ئېگىز مۇز تاغدىكى مۇنكىلارنىڭ ئېرىگەن قار - مۇزلىرىدىن ھاسىل بولغان دەريا بولۇپ، ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا ئۇدۇل شىمالغا قاراپ ئېقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا باراتتى.

كېيىنكى دەۋرلەردە دەريا ئۆز ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپ، قورامىلىق، توغرىسۇ، تۇرا، توققۇز داۋان، ئاقتۆي، چوڭ كۆل، چەرچەن، باغلىق، تاتىراڭ، كۆكچاقما، قوشئاتما، يۇسۇپئاتما، ئارالچى، لوپچاڭزىلاردىن ئۆتۈپ، توققۇز ئاتاغا كېلىپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ بورىكۆلگە قۇيۇلۇپ ئۇ يەردىن شەرقىي شىمالغا ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە بارالمايدىغان بولدى. چەرچەن دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى قۇرۇق ئېقىنغا ئايلىنىپ قالدى. 1984 - يىلىدىكى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىر چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بورىكۆل ئەتراپىغا كېلىپ قۇمغا سىڭىپ تۈگەيدىكەن. ھازىرقى ئۇزۇنلۇقى 527 كىلومېتىر كېلىدىكەن. سۇ يىغىش مەيدانى 26 مىڭ 822 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىكەن.

كېرىيە دەرياسى قۇرۇمتاغلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇستۇن تاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 6920 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چوڭ مۇز تاغدىكى 636 -Y5 نومۇرلۇق مۇنكىنىڭ ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان دەريا بولۇپ، ئۇ ناغرا چاڭزىدىن باشلىنىپ ئاقسۇ، ئىپاد، لاش، باشلاپقا، ئارال، يېڭى ئېرىق، كۆكيار، كېرىيە، بەگ مەھەللىسى، ھەسىنتەمدىن ئۆتۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ شىمالغا قاراپ ئېقىپ مىرسالى، توغراق ئېغىللاردىن ئۆتۈپ قۇمغا سىڭىپ تۈگەيدۇ. ئۇزۇنلۇقى 192 كىلومېتىر كېلىدۇ. سۇ يىغىش مەيدانى 7358 كۋادرات كىلومېتىر.

كېرىيە دەرياسىنىڭ نۇرمۇھەممەت گىدرومېتىرىيە پونكىتى ئۆتكەن 20 يىل ئۆلچەپ خۇلاسىلىگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 22.2 كۇب مېتىر سېكونت، يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 701 مىليون كۇب مېتىر، سۇ ئەڭ كۆپ كەلگەن 1966 - يىلى 1 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر، سۇ ئەڭ ئاز كەلگەن 1979 - يىلى 525 مىليون كۇب مېتىر بولغان. بۇ دەريا ئېگىز تاغلاردىن باشلىنىدىغان يانتۇلۇقى چوڭ دەريا بولغاچقا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئېنېرگىيە بايلىقى مول. (02)

(ئاپتور: شىنجاڭ نېفىت شۆيۈەنىدە)



# ئەرلەر، ئاياللار ۋە باشقىلار

▲ ئاياللارنىڭ سۆزلىيەلەيدىغان ئۈچ ئېغىزى بار. بىرى بۇرنىنىڭ ئاستىدا، قالغان ئىككىسى قېشىنىڭ ئاستىدا.

▲ كىرىمى كۆپ، كەڭ ـ تاشا قورۇ ـ جايى بار، كۆيۈمچان ئوتتۇرا ياش ئەرلەرنىڭ توي قىلىپ بولغانلىقى دائىم ياش قىزلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ.

▲ گۈزەللىك ئۇقۇمى بىر قىزنىڭ يۈزىدىكى كىچىككىنە خالنى مىسالغا ئالساق، ئۇ پەقەت بىر تاللا بولسا قىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ، ئەگەر بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ھەقىقەتەن ئادەمنى ئازابلايدۇ.

▲ ئەرلەر جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان پاراۋوز، ئاياللار بولسا شوپۇر.

▲ مۇھەببەت بىر سىرلىق تىلسىماتكى، ئۇنىڭغا قەدەم باسقاندا ئادەمنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كېتىدۇ. يېنىپ چىققاندا بولسا بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كېتىدۇ.

▲ ئەرلەر تۇنجى قېتىم مۇھەببەت خېتى يازغاندا تومۇرىدىكى قانلار ئۇرغۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم يازغاندا ھەربىر سۆز ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يازماقچى بولسا «قاپاقتا قاراپ نوگاي سىزغاندەك»، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردىن كۆچۈرۈپ يۇرۇپ بىر پارچە مۇھەببەت خېتىنى پۈتتۈرىدۇ.

▲ كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە: ئايالى ئۇچۇر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ ئېرى بولسا، نەزەربىيۋى ئالىم. ئايالى ئەتراپىدىكى ئائىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى توپلىسا، ئېرى ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلىدۇ.

▲ ئەرنىڭ قىزىقىشى بېلىق تۇتۇش، خوتۇنىنىڭ قىزىقىدىغىنى بېلىق قورۇمىسى تەييارلاش؛ بالىسىنىڭ قىزىقىدىغىنى بولسا دەل بېلىق يېيىش. مانا مۇشۇنداق ئائىلە ھېچقانداق يېتەرسىزلىكى بولمىغان مۇكەممەل ئائىلىدۇر.

▲ ئاياللارنىڭ پەلسەپىنى تەتقىق قىلىشىنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنى تەڭ بولىدۇ. پايدىسى شۇكى، ئۇلار پەلسەپىنى تەتقىق قىلغاندا دائىم ۋاقىتىدا تاماق يېيەلمەي ئاچ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن بەدىنى زىلۋالىشىپ كېتىدۇ. زىيىنى شۇكى، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت تەپەككۇر قىلىۋېرىپ چىرايىدا قورۇقلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

▲ چىرايلىق ئاياللارنى ئەڭ قاتتىق جازالاش ئۇسۇلى شۇكى ــ ئىمكانقەدەر ئۇلارغا قارىماسلىق،

ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەسلىك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئېتىبارسىز قاراش.

▲ چىرايلىق بىر خېنىمنىڭ سىزدىن يول سورىغانلىقى بىر ياخشى ئىش، باھانە تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغانلىقىڭىز «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش.

▲ ئىلگىرى كىشىلەر بالىنى مۇھەببەتنىڭ جەۋھىرى دەپ قارايتتى، ھازىر بولسا مۇھەببەتتىن ئېلىنغان باج دەپ قارايدىغان بولدى.

▲ ئائىلىدە ماجىرا چىقسا، چاشقانلارمۇ قايسى تەرەپكە يان بېسىشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

▲ قىزلارنى قوغلاشقاندا شېئىر ئىشلەتسە، شېرىن ئاينى ئۆتكۈزگەندە ئەدەبىي پارچىلارنى ئىشلەتسە، قېرى خوتۇننى مەسخىرە قىلىشتا فېلىيەتون ئىشلەتسە بولىدۇ.

▲ ئەرلەر قېرىغاندا ئاندىن شۆھرەت قازىنىدۇ. ئاياللار ئاۋۋال شۆھرەت قازىنىپ، ئاندىن قېرىيدۇ.

▲ كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ قىيىن مەسىلە: سېغىنىش، ياد ئېتىشىش، يالغۇز ياد ئېتىش.

▲ قىزلار مۇھەببەت خېتى يېزىش بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئاياللار سۆيدۈك لاتىسىنى يۇيۇش بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ. مومايلار ھەمراھىنى ئەسلەش بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ.

▲ تەلەيسىز ئەرلەر چىرايلىق ئاياللارغا قارايمەن دەپ ستولبىغا ئۇسۇۋالىدۇ، تەلەيلىك ئەرلەر ستولبىغا قارايمەن دەپ چىرايلىق ئاياللارغا ئۇسۇۋالىدۇ. (06)

(«ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 13 ـ سانىدىن خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى 2001 ـ يىللىق خەنزۇ تىلى تولۇق كۇرس سىنىپىتىن ئابلىكىم ئابلىز تەرجىمىسى)

## ئانا تىلىم

(نەسىر)

**ئەمەتجان سەمى**

ئانا تىلىم، مەن سېنى سۆيىمەن، سېنى قەدىرلەيمەن،

سەن ئارقىلىق ئىچكى قەلب سىرلىرىمنى ئىزھار قىلالىغانلىقىمدىن بەكمۇ خۇشاللىنىمەن!

ئانا تىلىم، سەن قەلب قەسرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقۇچى ئالتۇن ئاچقۇچسەن.

ئىھ! ئانا تىلىم، سەن ئەسىرلەر داۋامىدا خەلقىمنىڭ ئەگرى ـ توقاي كۈرەشلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدىڭ، خەلقىمنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆزۈڭنىڭ گۈزەللىكى بىلەن نامايان قىلىپ، يېڭى مەدەنىيەت سەھىپىلىرىنى ئاچتىڭ.

ئىھ! ئانا تىلىم، سەن مۇقەددەس تارىم! سەن قەدىمكى زامانلاردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى بىزگىچە يەتكۈزدۈڭ!

ئۇزاق زامانلاردىكى ئالىملىرىمىز، شائىر ـ يازغۇچىلىرىمىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سەن ئارقىلىق خاتىرىلەپ قالدۇرۇپ، يەنە بىر يېڭى مەدەنىيەت سەھىپىسىنى ئېچىشقا تۆرتكە بولدى.

ئىھ! ئانا تىلىم، سەن دىلىمنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغ!!! (09)

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزىلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى)



# پول ھەققىدە پاراڭ

ئىبراھىم نىياز

«پول — ئاچقۇچىلارغا مەنسۇپ» دېيىلىدۇ كىتابلاردا. پول ئاچقانلار، ئاشۇ پولدا مەردانىلەرچە ئۇزۇپ ماڭغانلار ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۇرىدۇ. ئۇلار ئاچقان پولدا ئەۋلادلارنىڭ ئىپتىخار ناخشىلىرى ياڭرايدۇ.

ھازىر ئويلاپ باقسام، پولنىڭ كاتېگورىيىسى تولىمۇ كەڭدەك قىلىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى كىشىلەرنى پول تېپىش ھەققىدە ۋەسۋەسىگە سالماقتا. شۇڭا بەزىلەر پۇلنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ پول تاپسا، بەزىلەر ئەمەلنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، يەنە بەزىلەر پولى بارلارغا تايىنىپ پول تاپماقتا. قاراپ باقايلى، سىزنىڭ پولىڭىز يوق بولغاچقا، بالىڭىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئىختىيارسىز ھالدا «پولى» بارلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «سىزنىڭ پولىڭىز بار، مۇشۇ بالامنىڭ پولىنى مېڭىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن...، قانچىلىك كەتسە مەيلىتى...» دەيسىز ياكى شۇنداقلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز. يەنە ئالايلى، بىرى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ پولىنى «مېڭىش» مودىغا ئايلاندى، خۇددى پولىنى ماڭمىسا دوختۇر بىمارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك. نېمىلا ئىش بولسا، ئالدى بىلەن پولىنى مېڭىش ئەسلىدە ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات ئىش ئىدى. لېكىن بەزىلىرىمىز ھەممە ئىشنى يامان تەرىپىگە بۇراپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئارتۇقچە قىيناۋاتىمىز. ئاددىيسى، ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرسە، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار مەكتەپنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالىدىغان قىلىق كېلىپ چىقتى. بەزىلەر مۇشۇنىمۇ بالىلارنىڭ پولىنى مېڭىشنىڭ تۇنجى قەدىمى دەپ ھېس قىلىشماقتا.

ئويلاپ باقايلى، ھازىر بالىلاردا ئۆي ئېلىش، خىزمەت ئىزدەش قاتارلىق بىر تالاي ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاتا ـ ئانىسىنى سۆرەپ يۈرىدىغان ئەھۋال تولىمۇ ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق پىسخىك ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە زادى نېمە؟ مېنىڭچە، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى «پول تېپىش» قا بەك بېرىلىپ كەتكەنلىكنىڭ ئاچچىق مېۋىسى بولسا كېرەك.

بىز نېمىلا ئىش بولسا «پولىنى قىلاي»، «پولىنى ماڭمىسام بولمايدۇ» دېگەندەك بىھۇدە ئىشنى ئازراق قىلغىنىمىز تۈزۈك. مانا مۇشۇنداق «پولىنى قىلىش» لار ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات بولغان ناچار كەيپىياتلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرگە، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنىڭمۇ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. (02)

(ئاپتور: قاراماي بۇرغىلاش شىركىتى پارتكوم ئىشخانىسىدا)

2002 ـ يىل
ئۆكتەبىر
ئومۇمىي
(168 ـ سان)


# تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

# B گېزىتى

## بوغدا دوختۇرخانىسى ئالاھىدە ھەمكارلاشتى

## تۇغماسلىق كېسەللىكى توغرىسىدىكى خاتا قاراش

ئەگەر بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن توي قىلىپ، ئۇزۇنغىچە پەرزەنتلىك بولالمىسا، بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئىش. يېقىندا، مۇئەللىپ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەھىرىمىزدىكى دوستلۇق دوختۇرخانىسى شۆبە دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاش بۆلۈمىدىكى خۇي دوختۇرنى زىيارەت قىلدى.

خۇي دوختۇر مۇنداق دېدى: ئىلگىرىكى تۇغماسلىق كېسىلى ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى، دەپ قاراش ئىنتايىن بىر نەرسىلەرمە ۋە خاتا قاراش. تۇغماسلىق كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار مۇرەككەپرەك بولۇپ، ئاۋۋال ئەر تەرەپنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك. ئەرلەرنىڭ ئىسپېرمىسى سۈيۈقلانماسلىق، ئىسپېرمىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى سۇس بولۇش، مەنىي بولماسلىق ياكى ئىسپېرما ئۆلۈك بولۇش، ئىسپېرمىنىڭ سانى ھەددىدىن زىيادە ئاز بولۇش، باھ زەئىپلىشىش، بالدۇر ئىسپېرما كېتىش، يان ئۇرۇقدان ياللۇغى، ئۇرۇقدان ياللۇغى، مەزى بېزى ياللۇغى قاتارلىقلار ئەرلەرنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە ئاياللارنىڭ تۇغماسلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تۇغماسلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ 70% نى ئىگىلەيدۇ. كلىنىكىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ئاياللارنىڭ ھەيز نورمالسىزلىنىش، ھەيز كېسىلىش، ھەيز ئاغرىنىپ كېلىش، ھەيز ئازلاپ كېتىش، بالىياتقۇ مۇزلاش، تۇخۇم يېتىلىپ كېتىش، نورمالسىز، كۆرۈش، بۇ پارچە-قارىشى، بالىياتقۇ يىكىلىش، بالىياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسى، بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى ياكى ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىش كېسەللىكى، تۇخۇمداندا خالتىلىق ئىششىقى، تۇخۇم ئالدىنىش نوسقۇنلۇقى ئۇچراش، ئادەت خاراكتېرلىك بويىدىن ئاجراش، سوزۇلما داس بوشلۇقى ياللۇغى، قوشۇمچە ئەزالار ياللۇغى قاتارلىقلار تۇغماسلىق كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خۇي مۇدىر تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاشتا توغرا دىئاگنوز قويۇپ، كېسەللىكنى ئېنىقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ھازىر گەرچە تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە داۋالايدىغان دوختۇرخانىلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەنگەن، مەخسۇس تۇغماسلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان دوختۇرلار ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇڭا، ئاغرىقلار ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە دورا ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. مەسئۇلىيەتنى بىر قىسىم دورا ئېلانلىرىغا ياكى ئەجدادتىن ـ ئەۋلادلارغا قالغان مەخپىي رېتسېپ، غەيرىي رەسمىي رېتسېپلارغا ئىشىنىپ كەتمەسلىك كېرەك. بۇلار بىلەن كېسەلنى داۋالىيالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كېسەلنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئاغرىق ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيادە ئىقتىسادىي يۈك ۋە روھىي ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. نۆۋەتتە، دوختۇرخانىمىز ۋۇخەن «شېخې» دوختۇرخانىسىدىن ئەڭ يېڭى «چىقىرىش، ئۆتكۈزۈش، كىرگۈزۈش» تىن ئىبارەت ئۈچ بىرلەشكەن داۋالاش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، ھەر خىل تۇغماسلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مەخسۇس تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالايدىغان دوختۇرلارنىڭ داۋالىشى بىلەن نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ئانا بولۇش چۈشى رېئاللىققا ئايلاندى. ئادەتتىكى ئاغرىقلار بىرىنچى ـ ئىككىنچى داۋالاش باسقۇچىدا ساقىيىپ كەتتى. داۋالاش ئۈنۈمى ھەممىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئارتۇق ۋەدە بېرىش ھاجەتسىز. ئەمەلىيەتتە كېسەللىك بولسا مۇنتىزىم دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئىلمىي، سىستېمىلىق داۋالانسىلا، تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ.

دىققەت: دۈشەنبە، چارشەنبە، جۈمە، شەنبە كۈنلىرى كېسەل كۆرىدۇ.

ئالاقىلاشقۇچى دوختۇر: رىسالەت

مەسلىھەت بېرىش تېلېفون نومۇرى: 09912836987

پوچتا نومۇرى: 83002

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 121 ـ قورۇ. دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ خەلق يولىدىكى شۆبە دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغماسلىق كېسەللىكىنى داۋالاش بۆلۈمى. 3 ـ يول، 36 ـ يول، 44 ـ يول، 61 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ قىزىلبايراق بېكىتىدە چۈشۈپ غەربكە 50 مېتىر ماڭسىڭىز يېتىپ بارىسىز ياكى 1 ـ يول، 101 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ نەنمېن بېكىتىدە چۈشۈپ غەربكە 300 مېتىر ماڭسىڭىز يېتىپ بارىسىز.



## چوڭ مېڭە ئىقتىدارىغا...

ئالىملار مۇزىكا، رەڭ، نۇر، تېمپېراتۇرىنىڭ چوڭ مېڭە ئىقتىدارىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى بايقىغان.

1) رەڭ: كۆك، يېشىل، قىزغۇچ، سېرىق قاتارلىق سۇس رەڭلەر كىشىنى تىنچلاندۇرۇپ، كەيپىياتنى مۇقىملاشتۇرىدىكەن؛ مېڭىنى سەگەكلەشتۈرۈپ، تەپەككۇرنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىدىكەن؛ ئۇزاق مۇددەت كۆك ۋە يېشىللىقتا تۇرۇش ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىكەن. لېكىن قىزىل، توق سېرىق، توق بىنەپشە قاتارلىق رەڭلەر مېڭىنى قىسقا مەزگىل قوزغاتقىنى بىلەن ئارقىدىنلا چوڭ مېڭىنى تورمۇزلاپ قويىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن چوڭ مېڭىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، كىشىنىڭ ئەس ـ ھوشى چېچىلىپ كېتىدىكەن. كېسەللىكتىن بولغان چارچاش ئېغىرلىشىپ، مېڭىنىڭ ئىقتىدارى جىددىي تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن.

2) تېمپېراتۇرا: مۇھىت تېمپېراتۇرىسى 30℃ تىن ئېشىپ كەتسە چوڭ مېڭىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى جىددىي ئېشىپ، كىشى ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، ئاسان چېچىلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. مۇھىت تېمپېراتۇرىسى 23℃ ئەتراپىدا بولغاندا ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئۆتكۈر بولۇپ، تەھلىل قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئەڭ يۇقىرى بولىدىكەن.

3) مۇزىكا: يېنىك، لەرزان، يېقىملىق مۇزىكىلاردىن ھوزۇرلىنىش چوڭ مېڭىنىڭ چارچىشىنى تۈگىتىشكە پايدىلىق بولۇپ، چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى، ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىدىكەن. بۇنىڭدا كلاسسىك مۇزىكىلارنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدىكەن.

4) نۇر: نۇر بەك كۈچلۈك بولۇپ كەتسە ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ بىئارام قىلىدۇ. ئادەم ناھايىتى تېزلا چارچاپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مېڭە ئىشلىتىش ھالىتىنى ساقلىيالمايدىكەن، لېكىن نۇر بەك سۇس ۋە ئاجىز بولسىمۇ چوڭ مېڭىنىڭ غىدىقلىنىشى يېتەرلىك بولماي، مېڭىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدىكەن. پەقەت يېقىملىق ۋە نورمال نۇر بولغان شارائىتتىلا ئادەمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى، كەيپىياتى ۋە مېڭىسىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى ھالەتتە تۇرىدىكەن. (02)

(پاتىگۈل قادىر . ت)

يەتتىنچى ئوزۇقلۇق ماددا—سېللىلوزا ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئاقسىل، ياغ، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، مىنېرال ماددىلار، سۇ ۋە ۋىتامىنلار ئادەم بەدىنى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئالتە چوڭ ئوزۇقلۇق ماددا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بىز سېللىلوزىنى «يەتتىنچى ئوزۇقلۇق ماددا» دەپ ئاتايمىز.

سېللىلوزا سۇدا ئېرىمەيدۇ ھەمدە ئىسپىرت قاتارلىق ئادەتتىكى ئېرىتكۈچلەردىمۇ ئېرىمەيدۇ، كىشىلەر يېمەكلىكلەردىن قوبۇل قىلغان سېللىلوزىمۇ ئاسانلىقچە ھەزىم بولمايدۇ. سېللىلوزا مانا شۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئادەم بەدىنىنىڭ زىيانلىق ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بەلگىلىك مىقداردا سېللىلوزا ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن سېللىلوزا ئۈچەيگە كىرىپ ياغ، خولېستېرىنلارنى بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چوڭ تەرەت راۋانلىشىدۇ. تەركىبىدە سېللىلوزا مول بولغان يېمەكلىكلەرنى دائىم ئىستېمال قىلغاندا شېكەرلىك دىئابىت كېسەللىكى ۋە سېمىزلىك كېسەللىكىگە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

سېللىلوزا يۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل يۇرچاق، كۆك يۇرچاق ھەمدە ياڭيۇ، كۆممىقوناق، كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆپرەك بولىدۇ. شۇڭا، «ياخشى تاماق»لار بىلەن بىرلىكتە سېللىلوزا كۆپرەك بولغان يېمەكلىكلەرنى تەڭشەپ ئىستېمال قىلسا سالامەتلىككە ئىنتايىن پايدىسى بار. (02)

(پاتىگۈل قادىر . ت)

## مىس ۋە سالامەتلىك

1. مىس — يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تەتقىقاتلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، دائىم قوي، توخۇ، ئۆرەكلەرنىڭ جىگىرى ۋە بۆرىكىنى ئىستېمال قىلغۇچىلار ئىچىدە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار ئىنتايىن ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن.

2. مىس ياللۇغنى قايتۇرۇپ، رېماتىزمغا قارشى تۇرىدۇ. ئۆلچەپ بېكىتىلىشىچە، ئادەم مىس زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىۋالغاندىن كېيىن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئېغىرلىقى ھەر ئايدا13 مىللىگرام يېنىكلەپ كېتىدىكەن. سەۋەبى بىر قىسىم مىس ئىئونى تەردە ئېرىپ تېرە ئارقىلىق قانغا ئۆتىدىكەن.

شۇڭا مىس زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىۋالغاندا رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالىغىلى بولىدىكەن.

3. مىس راكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە راكقا قارشى تۇرىدۇ. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مىس يېتىشمىگەن ياكى ئورگانىزمدا مىسنىڭ مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولغان ئەھۋالدا راكنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان، شۇڭا، راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار ۋە ياشانغانلار ھايۋانات جىگىرى، بۆرىكى، توخۇم سېرىقى، بېلىق، موگۇ، قارا مورئېر، ئۆرۈك، مېغىز قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىپ بەرسە، راكقا قارشى تۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

## تاماق ۋە قايناق سۇ

كىشىلەر سوغۇق سۇ ئىشلىتىپ تاماق پىشۇرۇشقا، بولۇپمۇ تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىپ تاماق پىشۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، تۇرۇبا سۈيى تەركىبىدە خلور گازى بار بولۇپ، گۈرۈچ يۇغاندا گۈرۈچ تەركىبىدىكى ئاۋۋالقى ۋىتامىن $B_1$ كۆپ مىقداردا يوقىلىپ كېتىپ، ئادەتتە يوقىلىش نىسبىتى 30% بولىدۇ. ئەگەر قايناق سۇ ئىشلىتىپ تاماق پىشۇرغاندا، بۇ خىل زىيان تارتىش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاماق پىشۇرغاندا مۇۋاپىق قايناق سۇ ئىشلىتىش كېرەك. (02)

(گۈلباھار مۇھەممەت . ت)

گۈرۈچ ئاش ئالا قالغاندا...

1) گاڭپەن پۇتۇنلەي چالا پىشىپ قالغاندا، چوكىنى قازاندىكى تاماقنىڭ تېگىگە يەتكۈچە سانجىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىسسىق سۇ قۇيۇپ قايتىدىن دۈملىسە بولىدۇ.

2) قىسمەن چالا پىشىپ قالغاندا، چالا پىشىپ قالغان يېرىدىن تۆشۈك ئېچىپ، سۇ قۇيۇپ قايتا دۈملىسە بولىدۇ.

3) سىرتقى قىسمى چالا پىشىپ قالغاندا، سىرتقى قىسمىنى ئوتتۇرىسىغا ئۆرۈپ قايتا دۈملىسە بولىدۇ.

(قۇربانجان توختى. ت)

## ئىنسانلارنىڭ بەش خىل يېشى



1. كالېندار يېشى: ئادەمنىڭ كالېندار يېشى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ چوڭىيىپ بارىدۇ.

2. سىرتقى قىياپەت يېشى: ئىرسىيەت ئامىلى ۋە كېيىنكى كۈتۈلۈش ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن كالېندار يېشى ئوخشايدىغانلارنىڭ قىياپەت يېشى ئوخشىمايدۇ.

3. فىزىئولوگىيىلىك يېشى: ئادەملەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك يېشى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى ئادەملەر قېرىماي تۇرۇپلا تۈرلۈك كېسەللىكلەر بەدىنىنى چىرماپ، ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەر ئاسان قېرىمايدۇ، ئۇزۇنغىچە ياش تۇرىدۇ.

4. پسىخولوگىيىلىك يېشى: ئادەملەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك يېشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ياشلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك پەزىلىتى قاتمال، ئۆلۈك كېلىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بالىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

5. جەمئىيەت يېشى: بۇ، ئادەمنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ۋە قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ يېشى چوڭ بولسىمۇ، قىلغان ئىشلىرى بەكمۇ يۈزەكى، ئاز بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، قىلغان ئىشلىرى كىشىنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. (02)

(پاتىگۈل قادىر. ت)



↑ روزىھاجى يازغان

→ نامانجان تۇرسۇن يازغان





↑ قۇربان ئىسمائىل يازغان



↑ مۇھەممەت نەۋبەت يازغان

# يەرشارىنىڭ يېشى

ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن يەر شارىنىڭ يېشى ئۈستىدە ئىزدىنىش 18 ـ ئەسىردە باشلانغانىدى. 1779 ـ يىلى، فرانسىيىلىك ناتۇرالىست بۇفو تەجرىبە ئارقىلىق يەر شارىنىڭ يېشىغا ھۆكۈم قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۇ يەر شارى دەسلەپكى قىزىق ھالەتتىن ئاستا ـ ئاستا سوۋۇپ شەكىللەنگەن دەپ قاراپ، يەر شارى تۈرۈلۈشىدەك كىچىك شارچە ياساپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنىڭ سوۋۇش سۈرئىتىنى ئۆلچەپ، يەر شارىنىڭ يېشىنى تەخمىنەن 75 مىڭ يىل، دەپ ھېسابلاپ چىققان. 18 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى ئەنگلىيىلىك گېئولوگ شىمىس قانال ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش جەريانىدا، كۆتۈلمىگەندە يەرنىڭ كۆمۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاتلىمىدا تۈرغۇنلىغان پەۋقۇلئاددە تاشقا ئايلانغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بارلىقىنى، بۇ قەۋەتنىڭ ئۈستىدىكى قىزىل رەڭلىك يەر قاتلىمىدا بۇنداق تاشقا ئايلانغان جىسىم يوقلۇقىنى، ئەمما قىزىل قەۋەتنىڭ ئۈستىدىكى يەنە بىر قاتلامدا يەنە تۈرغۇنلىغان ئالاھىدە قۇلۇلە قاپلىرى بارلىقىنى بايقىغان. كېيىن ئۇ يەر قاتلىمىنىڭ قەۋەت تەرتىپى بويىچە تاشقا ئايلانغان جىسىملارنى يىغىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

1796 ـ يىلى، شىمىس: ھەربىر يەر قاتلىمىنىڭ ھەممىسى «بىئولوگىيىلىك تاشقا ئايلانغان جىسىم»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ قاتلاملارنى تاشقا ئايلانغان جىسىملارغا قاراپ پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن يەكۈنگە كېلىپ، بۇنىڭدىن مۇنداق بىر قاراشنى تىكلىگەن: «ئوخشىمىغان رايوندىكى ئىككى تاش قەۋىتىدە، ئەگەر ئۇلار ئوخشاش تاشقا ئايلانغان جىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇلارنى ئوخشاش بىر دەۋر» دەپ قاراشقا بولىدۇ.

19 ـ ئەسىردە، يەر شارىنىڭ يېشى توغرىسىدىكى مەسىلە گېئولوگلار بىلەن بىئولوگلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپلا قالماي، يەنە فىزىكا ئالىملىرىنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىدى.

نەچچە يىل ئۆتمەيلا، ئەنگلىيىنىڭ ئاتاقلىق فىزىكا ئالىمى تومسون بۇ ساھەگە كىرىپ كەلدى.

تومسون يەر شارى ئاتومى ئەسلىي ئېرىكلىك بولۇپ، كېيىن يەر شارىنىڭ سىرتىدىكى سوغۇق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. يەر يادروسى ھازىرغىچە ئىسسىق، دەپ قاراپ، يەر شارىنىڭ ئەسلىدىكى ھالەتتىن سوۋۇپ بۈگۈنكى ھالىتىگە كەلگۈچە كەتكەن ۋاقىتنى يەر شارىنىڭ يېشى دەپ كۆرسەتتى. بۇ قىياسنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھادىسىنى ئاساس قىلغان، يەر شارىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى تېمپېراتۇرا ئوخشىمايدۇ. يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ، يەر چوڭقۇر-لۇقىغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا ئېشىپ بېرىپ بىر تېمپېراتۇرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ خىل تېمپېراتۇرا قانداق شەكىللەنگەن؟

كېلىۋىننىڭ قارىشىچە، بۇ يەر شارى پەيدا بولغان ئۇزاق يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز سوۋۇشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ خىل كۆزقاراش ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان بۇفونىڭ ئىدىيىسى بىلەن بىردەك بولۇپ چىققان.

كېلىۋىن ئۆزى ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ئۆلچەپ چىقتى. قىيىن مەسىلە يەر شارى ئىچكى قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرا سانلىق مەلۇماتى ناھايىتى ئېنىقكى، فىزىكا ئالىملىرىنىڭ ھېسابلاش نەتىجىسى بىلەن گېئولوگ ۋە بىئولوگلارنىڭ نەتىجىسىدە پەرق زور ئىدى. مۇنازىرىنىڭ نېگىزى مۇشۇنىڭدىن باشلانغان. گېئولوگلار چۆكمىنىڭ تېزلىك نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ چىققان يەر شارى يېشى قىممىتىنىڭ كۆپىنچىسى 200 مىليون يىلدىن ئېشىپ كەتكەن. بىر قىسىم سانلىق قىممىتى 400 مىليونغا، ئاز قىسىم قىممىتى بولسا 600 مىليونغا يەتكەن. ئەمما فىزىكا ئالىملىرى ئىسسىقلىق ئىلمىغا ئاساسەن كۆپ قىسىم سانلىق قىممەتنى 200 مىليون يىلدىن تۆۋەن، نەچچە ئون مىليون يىلدىن يۇقىرىراق ھېسابلاپ چىققان.

1869 ـ يىلىدىكى لوندون گېئولوگىيە ئىلمى يىغىنىدا ئەنگلىيە بىئولوگىيە ئالىمى خېشۇل رەئىس بېغىشلىمىسىدا، كېلىۋىننىڭ



تەنقىدىگە جاۋاب قايتۇردى. ئۇ: «گېئولوگىيە ئىسپاتى بىلەن فىزىكا ئىسپاتى ئوخشاشلا ئۈنۈملۈك. ئەمما گېئولوگىيە بىلەن فىزىكا بىۋاسىتە قارشىلاشقاندا، فىزىكا ئالىملىرى خاتالاشقان بولۇشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتتى.

1899 ـ يىلى، ئەنگلىيە گېئولوگىيە ئالىمى جورلى تۇزنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن يەر شارىنىڭ يېشىنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭى بىر خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، يەر شارى يېشىنى تەتقىق قىلغان. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ئوكيان سۈيىدىكى تۇزنىڭ قويۇقلۇقى ئازلىمايدۇ، ئۇنداقتا پەقەت ئوكياندىكى تۇز قويۇقلۇقىنىڭ نەچچە ئەسىردىكى كۆپىيىش مىقدارىنى بىلسىلا، ئوكياننىڭ يېشىنى تاپقىلى بولىدىكەن دەپ، ئوكياننىڭ يېشىنى تەخمىنەن 80 مىليون بىلەن 90 مىليوننىڭ ئارىلىقىدا ھېسابلاپ چىققان. ئەمما يەر شارىنىڭ يېشى بۇ ساندىن كىچىك بولمايدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، گېئولوگىيە ئالىملىرى بارغانسېرى مۇنداق پىكىرگە قوشۇلۇپ قالغان: يەر شارى 100 مىليون يىلغا بارمىغان ۋاقىتتا شەكىللەنگەن. بىراق ھېلىمۇ ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن كېلۋىننىڭ نەتىجىسى ئارىسىدىكى پەرقنى ماسلاشتۇرمىغان.

1896 ـ يىلى فرانسىيە فىزىكا ئالىمى بېكلىر تەبىئىي رادىئوئاكتىپلىق ھادىسىنى بايقىغان. 1898 ـ يىلى كيورى خانىم بىلەن كيورى تۇنجى قېتىم رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنت پولونىي بىلەن رادىينى ئۆلچەپ چىققان.

1902 ـ يىلى ۋە 1903 ـ يىلى روچىرفود بىلەن سودى بىرلىكتە رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ يىمىرىلىش نەزەرىيىسىنى ياراتتى.

ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «بارلىق رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنت ئاتوم يادروسىنىڭ سانى ۋاقىتقا ئەگىشىپ سان تەرتىپى بويىچە ئازلايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ خىل قانۇنىيەتنى مىقدارلاشتۇرۇش ئۈچۈن فىزىكا ئالىملىرى يېرىم يىمىرىلىش دەۋرىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ مەنىسى رادىئوئاكتىپلىق كۆچىنىشنىڭ يېرىم ئاجىزلىشىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت بولۇپ، يەنى رادىئو ئاكتىپلىق ماددا ئاتوم يادروسىنىڭ يىمىرىلىپ ئەسلىدىكى ئاتوم يادروسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولۇش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتتىن ئىبارەت. ئوخشىمىغان رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنتنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى ئوخشىمايدۇ ھەمدە فازا پەرقىمۇ بىرقەدەر چوڭ.

يەر شارىنىڭ يېشى مەسىلىسىنى مەركەز قىلغان مۇنازىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى مۇۋاپىق بولغان ۋاقىت ھېسابلاش ئەسۋابىنى تېپىش. بۇ خىل ۋاقىت ھېسابلىغۇچقا قويۇلىدىغان شەرتلەر تارقىلىشى كەڭ، تۇراقلىقلىقى يۇقىرى، ئۆلچەش دائىرىسى ئۇزۇن بولۇشى كېرەك. رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنتلار دەل مۇشۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغان.

گرانىت تاش، بالازىت قاتارلىق تاغ جىنسلىرىدا خېلى مول بولغان رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنتلار بولىدۇ. رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنتلارنىڭ يىمىرىلىش سۈرئىتى ئەتراپتىكى تېمپېراتۇرىنىڭ بېسىمىنىڭ، ماگنىت مەيدانى ۋە خىمىيۋى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ ھەم ناھايىتى تۇراقلىق.

رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنتلارنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇران، تورىي قاتارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ يىمىرىلىش سۈرئىتى ئاستا، ئۆلچەش دائىرىسى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنتلار يەر شارىدىكى تاغ جىنسلىرى، مىنېراللار ۋە يەر شارى يېشىنى ئۆلچەيدىغان ئىدېئال «ۋاقىت ھېسابلىغۇچ»قا ئايلانغان. بۇنى روچىرفورد ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن بىلىۋالغان.

روچىرفورد رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنتنىڭ يىمىرىلگەندە قويۇپ بەرگەن ئېنېرگىيە پرىنسىپىغا ئاساسەن، دەسلەپكى قەدەمدە يەر شارى يېشىنى تەخمىنەن 3 مىليارد 400 مىليون يىل، قۇياشنىڭ ئۆمرىنى تەخمىنەن 5 مىليارد يىل دەپ ھېسابلاپ چىقتى. ئۇ يەنە 1907 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بىر دىسسېرتاتسىيىسىدە ئۇ بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇنازىرىنى ھەل قىلىشنى بىر ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەمىن ئەتتى.

رادىئوئاكتىپلىق يىل ئۆلچەش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى ئىنتراپ قىلىنىپ ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، يەر شارى يېشىنىڭ سانى توختىماي ئاشتى، نۆۋەتتە بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، يەر شارىدىكى ئەڭ قەدىمىي تاغ جىنسىنىڭ 3 مىليارد 800 مىليون يىل ئىلگىرى شەكىللەنگەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇنىڭ بىلەن يەر شارى يەر پوستىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى يېشىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى، ئالىملار مېتېئورىتنىڭ يېشىنى ئۆلچەش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە قۇياش سىستېمىسىنىڭ يېشىنى مۇقىملاشتۇردى. مېتېئورىتنىڭ ئەڭ يېڭى ئۆلچەنگەن قىممىتى يەر شارىنىڭ يېشىنى 4 مىليارد 500 مىليونغا كۆتۈردى. ئەلۋەتتە، بۇ سانلىق مەلۇماتلار يەنە ئۆزگىرىشى مۇمكىن. بىراق، يەر شارىنىڭ يېشى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇنازىرە تېمىسىغا خاتىمە بېرىلدى.

(02)

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى خەمدە قەييۇم تەرجىمىسى)



# ئۈچ ياشقا ئۈچ تەكلىپ

—— ئابدۇلھەمت بارات ——

مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ زور كۆلەمدە جانلىنىشى، گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ئاپتورلار قوشۇنىمىزدىمۇ سان جەھەتتە ئاز سانلىقتىن كۆپ سانلىققا، سۈپەت جەھەتتە تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلەنگەن ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ئاپتورلىرىمىز بازار ئىگىلىكى بارلىققا كەلتۈرگەن كەسكىن رىقابەتلىك بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى، يوشۇرۇن تالانتى، بەدىئىي ئىستېداتى، كۆزىتىش ماھارىتى، ئوبيېكتلارنى تاللاشتىكى كۈچلۈك، ئەۋزەللىكلىرى ۋە بۇ خىل ئەۋزەللىك، ئالاھىدىلىكنى توغرا، جانلىق ئىشلىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيىتى ھەققىدە جىددىي ئويلانمىسا بولمايدىغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل تەخىرسىز ۋەزىيەت ئەلالىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىدىغان، سۈپەتلىكلىرى مەۋجۇت بولۇپ، سۈپەتسىزلىرى مەھرۇم بولىدىغان قانۇنىيەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى تولۇق كۆرسەتكەن ھالدا قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدىلا ئاپتورلار قوشۇنىمىزدا بىر مەيدان كەسكىن تاللاش، شاللاش ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە، يازمىشلىرى يېڭى ۋە ئىجادىي، ئىجادىيەتتىكى كونا رامكىنىڭ ئاسارىتىگە قول بولۇپ قالمىغان بىر تۈركۈم ياشلار كەڭ مۇشتەرىلەر ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى تەسىرى بىلەن ئاپتورلار مۇنبىرىدە گەۋدىلىك، كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئېرىشتى. بۇ بىرنەچچە ياش ئاپتورنىڭ مەيلى ئۇزۇن، مەيلى قىسقا بولسۇن ھەرقانداق بىر ئەسىرى ماڭا ئوخشاش جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خىلۋەت ناھىيە، يېزىلىرىدىكى سانسىزلىغان ئەقلى ئويغاق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئويلىنىشىغا ۋە روھىي دۇنياسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ بىرنەچچە ئاپتورنىڭ مەيلى ئەدەبىي تەسىرى، مەيلى پەلسەپىۋى ئەسىرى ۋە مەيلى قىزىق ئوقتىلىق قىسقا ماقالىلىرى بولسۇن، جەنۇبنىڭ زېرىكىشلىك ئۇزۇن كېچىلىرىدە بىزنىڭ ئويقۇنىمۇ ئۇنتۇپ بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىمىزغا، مەنىۋى دۇنيارىمىزنى

ھەقىقەت سۆيى بىلەن سۇغىرىۋېلىشىمىزغا ۋە تۇرمۇشىمىزغا خۇشاللىق تېپىشىمىزغا ئىمكان بەردى. تۆۋەندە مەن بۇ بىر قاتار ياشلار ئىچىدىن پىكىر قىلىشى ئۆزگىچە، ئىجادىيەت مېتودى روشەن خاسلىققا ئىگە، ئىجادىيەت ئوبيېكتى يېڭى، ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى كۈچلۈك ئۈچ نەپەر ياش ھەققىدە ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە بەزى تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەرمەكچىمەن.

**ئەسئەت سۇلايمانغا:**

ئۇكام ئەسئەت، ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغانسېرى سىزگە بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىم ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. چېھرىڭىزدىن ئالىملىق نۇرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. سىز مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىز ۋە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ساھەسىدىكى بوش ساھەنى تولدۇرۇشتا ئالاھىدە تۆھپە ياراتتىڭىز. سىزنىڭ تەتقىقات خاراكتېرى چوڭقۇر كىتابلىرىڭىزدا بۇ نۇقتىلار روشەن ئەكس ئېتىپتۇ.

ئۇكام ئەسئەت، ئەمدى سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ئىمكان بولسا، يېقىندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاشۇ بىر قاتار كىتابلىرىڭىزنى خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىپ باقسىڭىز.

**ئابدۇقادىر جالالىدىنغا:**

ئۇكام ئابدۇقادىر، مەن بىر تەلەپچان ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن قەلىمىڭىز ئارقىلىق يارىتىلغان مەنىۋى دۇنياغا، تەسەۋۋۇر كەڭلىكىڭىز ۋە تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىڭىزغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن، سىزدىكى بەدىئىي ئىستېدات ۋە ھەرقانداق ئاددىي شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى پەلسەپىۋى پەللىدە تۇرۇپ كۆزىتەلەيدىغان تالانتىڭىزغا كەڭ ئوقۇرمەنلىرىڭىز نامىدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەمدى سىزگە بىرنەچچە تەكلىپ بەرسەم، راستىنى ئېيتسام سىزنىڭ بەزى ماقالىلىرىڭىز غۇۋالىشىپ كېتىپ بارىدۇ. غۇۋالىق، كۆڭگىللىقنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەت، بىر ماھارەت. ئۇنى جارى قىلدۇرمايمۇ بولمايدۇ. بىراق كۆڭگىلاشتۇرۇش، غۇۋالاشتۇرۇش دېگەنلەرمۇ مۇۋاپىق بولغىنى تۈزۈك. غۇۋالاشتۇرۇش ئاز بوپتۇ دېگەن ماقالىلىرىڭىزدىمۇ ئوي ـ پىكىرنى ئۇدۇللا ئېيتماي جۈملىلەرنى زىيادە ئۇزارتىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس، بەزى ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇپ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىڭىز ۋە تەپەككۇرىڭىزدىن چوڭقۇر مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىغا چۆمىمىز ـ دە، ئاز ئۆتمەي ئۇزىراپ كەتكەن جۈملىلىرىڭىزنى كۆرۈپ ئىچىمىز سىقىلىپمۇ كېتىدۇ. ئۇكام ئابدۇقادىر، ئىمكان بولسا مۇشۇ مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىپ قويسىڭىز.

ئەمدى يەنە بىر تەكلىپ، ئىمكان بولسا، ئەسەرلىرىڭىزدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئازراق ئىشلەتسىڭىز، بىنورمال سۆز ياسىمىسىڭىز. ھازىر زىيالىيلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى زىيالىيلار ئارىسىدا ئەرەب، پارس تىلىنىڭ قوللىنىلىش دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. دۇنيادا ساپ تىل مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، تىلنىڭ ساپلىقىنى ئىمكانقەدەر يۇقىرىراق نىسبەتتە ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىرىشىش ھەربىر زىيالىينىڭ بۇرچى. باشقا تىللاردىن خالىي ئەسەر يازغىلى، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئەرەب، پارس تىلىنى ئىمكانقەدەر ئازراق ئىشلەتكەنگە يەتمەيدۇ. ئۇكام ئابدۇقادىر، ئىمكان بولسا بۇنىڭدىن كېيىن-










كى ئىجادىيەتلىرىڭىزدە مۇشۇ مەسىلىلەرگە ئازراق باش قاتۇرۇپ قويسىڭىز.

**ئەسقەر داۋۇتقا:**

ئۇكام ئەسقەر، سىز توختالغان تېمىلارنىڭ جەلپكار ۋە قىزىق تۇغۇلۇق خاراكتېرى بىلەن، سىز ئىشلەتكەن تىلنىڭ نەق، چۈشىنىشلىك، ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك ھەجۋىي تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئەسەرلىرىڭىزنىڭ قىسقا، ئىخچام بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوتتۇرىغا تاشلىغان مەسىلە، ھادىسە ۋە ئوي - پىكىرنىڭ جىددىي، زۆرۈر ۋە تەخىرسىزلىكى بىلەن، مۇھىمى ئىجادىيەت مېتودىڭىزدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبىڭىز بىلەن ئوقۇرمەنلىرىڭىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆيلۈكىگە گەپ كەتمەيدۇ. «خەپ توختا، قويمىچى»، «ئاتاڭ كىم، سەن كىم»، «خىزمەت، سەن قانچىلىك نېمىتىڭ»، «ئەركەكلەرنىڭ ئاياللىشىشى ۋە ئاياللارنىڭ ئەركەكلىشىشى»، «ئۆيلىنەيمۇ، ئۆي ئالايمۇ، ئۆلۈۋالايمۇ» قاتارلىق نادىر ماقالە، ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تەمى ھېلىھەم ئاغزىمىزدا، ھەتتا بەزى ماقالىلىرىڭىز ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرە بىزدە ھېلىھەممۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ. سورۇنلىرىمىزغا ۋە ئىلمىي سۆھبەت - مۇنازىرىلىرىمىزگە تەم ۋە ھۇزۇر بېرىۋاتىدۇ.

بىراق، ئۇكام ئەسقەر، ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قالدى ئەسەر يازماس بولۇۋالدىڭىز، مەخسۇس سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى دەپلا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولىدىغانلار ئاز ئەمەس. بىراق، سىز بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى يەردە قويدىڭىز، نېمىشقا ئەسەر يازمايسىز، زادى نېمىشقا؟!

(ئاپتور: پوسكام ناھىيە پاختا - چىگە شىركىتىدە)

# كۈلكە دۇنياسى

### مال ساتقۇچى قىز

ئۇزلۇك ماللار ماگىزىنىدا ئىشلەيدىغان بىر مال ساتقۇچى قىز تونجى مۇھەببەتلىشىپ ئوغۇل دوستى بىلەن تونجى سۆيۈشكەندە، ئىختىيارسىز ھالدا: «سىزگە يەنە نېمە لازىم؟» دەپتۇ.

### تانسا كېچىلىكى

پوشكىننىڭ ياش ۋاقتىدا نامى ئانچە چىقمىغان بولۇپ، بىر قېتىم ئۇ پېتىربۇرگتا بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشىپتۇ. ئۇ ياش ھەم ئىنتايىن چىرايلىق بىر ئېسىلزادە خېنىمنى تانسىغا تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇ خېنىم ئىنتايىن ھاكاۋۇر قىياپەتتە پوشكىنغا قاراپ قويۇپ، سوغۇق مۇئامىلىدە: «مەن كىچىك بالا بىلەن بىللە تانسا ئوينىيالمايمەن» دەپتۇ.

پوشكىن ئاچچىقلانماي، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «كەچۈرۈڭ، سۆيۈملۈك خېنىم، مەن سىزنىڭ ئېغىر-ئاياغ ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەلمەپتىمەن» دەپتۇ.

### خىزمەت ۋە نىكاھ

ئا x x خىزمەتكە دائىم رەتسىز، روھسىز ھالەتتە كېلەتتى. بىر كۈنى دىرېكتور ئۇنى ئىشخانىغا چاقىرىپ ئەكىرىپ: «مەن سىزنىڭ بويتاق ياكى ئەمەسلىكىڭىزنى بىلمەيمەن، ساڭا بىر تەكلىپىم بار. ئەگەر بويتاق بولساڭ تېزدىن توي قىلىۋال، توي قىلغان بولساڭ تېزدىن ئاجرىشىپ كەتكىن» دەپتۇ.

### كۆڭۈلدىكىدەك سائەت

ئىۋان بىر سائەت ماگىزىنىغا كىرىپ، مال ساتقۇچىغا: «مەن قوڭغۇراقلىق سائەتتىن بىرنى سېتىۋالماقچى» دەپتۇ. مال ساتقۇچى: «بۇ خىلدىكى سائەت سىزنى چوقۇم رازى قىلىدۇ» دەپ سائەتنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈپ: «ئۇ ئاۋۋال سايرايدۇ، ئويغانمىسىڭىز سىگنال بېرىدۇ، يەنە ئويغانمىسىڭىز پارتلاش ئاۋازى چىقىرىدۇ، يەنىلا ئويغانمىسىڭىز يۈزىڭىزگە سوغۇق سۇ سېپىدۇ. ھېچقانداق چارە قالمىغاندا، باشلىقىڭىزغا تېلېفون ئۇرۇپ، سىزنى ئاغرىپ قالدى دەپ يەتكۈزۈپ قويىدۇ» دەپتۇ.

### قورقماسلىق

تارىخ دەرس مۇئەللىمى سۆزلەپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يەرلىك ئىندىئانلارنىڭ قورۇقلۇقتا چىققان ئىسپانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى تۇنجى كۆرگەندىكى روھىي كەيپىياتى ئۈستىدە توختىلىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن: «ناۋادا ئىشىكىڭىز ئالدىدا غەلىتە ناتونۇش بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالسا، سىز ئۇنىڭ تىلىنى چۈشەنمىسىڭىز، كىيىنىشلىرىمۇ باشقىچە بولسا، بۇ ۋاقىتتا سىز ئازراقمۇ قورقۇش ھېس قىلمامسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

«ياق، ئۇ چوقۇم ھەدەمنىڭ يىگىتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىر ئوغۇل بالا.

### تاپشۇرۇق ئىشلەش

كاتېرىن فرانسوۋانىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «تېز چىقىپ مەن بىلەن ھويلىدا كىلاس ئويۇنى ئوينىغىن» دەپتۇ.

«بولمايدۇ» دەپتۇ فرانسوۋا، «ئۆيدە دادامغا قاراپ تۇرمىسام ئۇ تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بەرمەيدۇ.»

### ئاچقۇچ

كىچىك ئۇۋلىبر ئىشكىنى ئېچىپ، سىرتتا ياش بىر

## كۈلكە دۇنياسى

يىگىتنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ.

«ھەدەڭ ئۆيدە بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ يىگىت. «ھەدە» دەپ توۋلاپتۇ كىچىك ئۇۋلىبر، «سىنىڭ خاتىرەڭنىڭ 82 _ 85، _ 97، _ 99، _ بەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى يىگىت سىنى ئىزدەپ كەپتۇ.»

### ئىسپاتلاش

قىزى ئاشخانا ئۆيدە قاچا يۇيۇۋاتقاندا، تېلېفون جىرىڭلاپتۇ. ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ: «ئاپام يۇيۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، سىز ئازراق ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن كىرىپ قاراپ باقاي» دەپتۇ. قىزى كىرىپ ئىسسىق سۇ جۈمىكىنى بۇرىغانىكەن، يۇيۇنۇش ئۆيىدىن ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ قىز جۈمەكنى ئېتىۋېتىپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ: «خاتا ئەمەسكەن، ئۇ يۇيۇنۇۋېتىپتۇ» دەپتۇ.

### ئاپامنىڭ تەلىمى

بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يازغان ماقالىسىدە دېيىلگەنىكەن:

مەن ئۇنى نەچچە ياشقا كىردىم، ئاپامنىڭ ماڭا قىلغان تەلىمىنى ئويلاپ باقسام ھەقىقەتەن قىزىقكەن.

1. ئاپام ماڭا «بىر، ئىككى، ئۈچ دەپ سانايمەن، تېز كېلىپ تاماق يەۋال دېيىش ئارقىلىق ساناق ساناشنى ئۆگەتتى.

2. «پولنى ھېلىلا سۈرتكەن، مېنىڭ ئاياغ كىيىۋېلىپ ئۆيدە ئۇياقتىن _ بۇياققا يۈگۈرسەڭ پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن» دېيىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئەمگەكىنى قەدىرلەشنى ئۆگەتتى.

3. مەن دېگەن سېنىڭ ئاپاڭ، مېنىڭ ھەرگىز خاتا بولمايدۇ» دېيىش ئارقىلىق نېمىنىڭ لوگىكا ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى.

4. «مەن سېنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كېلەلىگەن ئىكەنمەن، يەنە سېنى قايتۇرۇۋېتەلەيمەن» دېيىش ئارقىلىق ھايات _ ماماتنىڭ دەۋرىيلىشىنى بىلدۈردى.

5. ئەگەر يەنە جېدەل قىلىدىغان بولساڭ، داداڭنى چاقىرتىمەن» دېيىش ئارقىلىق ئەركىنلىكنى قەدىرلەشنى ئۆگەتتى.

6. «ئۆرۈلۈپ قاراپ باققىنە، دۈمبەڭ لاي بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئېلاستىكلىق گىمناستىكا ئىشلەشنى ئۆگەتتى.

7. «سېنى ئۇرغۇم يوق، ئەمما مېنى بەكلا ئۇمىدسىزلەندۈردۈڭ» دېيىش ئارقىلىق ماڭا نېمىنىڭ ئازار يېيىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

### تەگرى

باستېرنىڭ ھويلىسىدا بىر تۈپ ئالما دەرىخى بار بولۇپ، باللار دائىم ئالما ئوغرىلايدىكەن. باستېر باللارغا ئوغرىلىق قىلىشنىڭ يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە، ئالما دەرىخىگە بىر تاختا ئېسىپ، ئۈستىگە: «تەگرى سىلەرنى كۆرۈپ قالدى» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى، ئۇ ئېسىپ قويغان تاختىنىڭ رولىنىڭ بولغان _ بولمىغانلىقىنى كۆرگىلى بېرىپ، بىر قاراشتىلا كىچىك باللىنىڭ يازغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان «تەگرى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ۋالاقتەككۇر ئەمەس» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپتۇ. (02)

(ئەدىبە ئابلەت .ت)

# «تۇل خوتۇن» غا ئىنزاھات

ئاينۇر ھەمدۇللا (دېھقان)

يېقىندا بىر دوستۇمنىڭ ئاكىسىنىڭ تويى بولدى. كەچتە مەشرەپ قىلىپ بەرمەكچى بولغانىدى، يامغۇر يېغىپ كەتتى. شۇڭا يىغىلغان ئادەملەرگە مەشرەپنى ئۆيدە قىلىپ بېرىدىغان بولدى، ئۆي چوڭ بولسىمۇ، ئۆي جاھازلىرى كۆپ بولغاچقا كەلگەنلەر پېتىشمىدى. شۇ ئارىدا بىرسى بۇ نەرسىلەرنى ۋاقىتىنچە سىرتقا ئەپچىقىۋېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. ھېلىقى دوستۇم دەرھاللا: ئۆي جاھازلىرىنى سىرتقا ئەپچىقىۋەتسەك، بۇ ئۆي تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە ئوخشاپ قالامدۇ؟ دېدى. شۇئان كۆزلىرىمگە مۆللىدە ياش كەلدى.

ئاتام بىز يەتتە بالىنى — چوڭىمىزنى 14 ياشتا، كىچىكىمىزنى تېخى بىر ياشقىمۇ كىرمەستە ئاپامغا قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، شۇنىڭدىن بۇيان بىچارە ئاپام بىزنى «ئۆگەيىنىڭ ئالدىغا ئەكىرمەيمەن» دەپ قايتا ياتلىق بولمىدى. بىز ئالتە قىز، بىر ئوغۇل، يەنە كېلىپ ئوغۇل ئۇكام ھەممىمىزدىن كىچىكى ئىدى. ئۆيدە يوقنى بار قىلىپ بېرىدىغان ئەر كىشى بولمىغاچقا، تۇرمۇشىمىز تولىمۇ نامراتلىق ئىچىدە ئۆتتى. بىز گەرچە نامرات بولساقمۇ، ئەركىن ياشاپ چوڭ بولدۇق، ئاپىمىزنى قەلبىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان دەپ بىلەتتۇق. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بالىلار مېنى «يېتىم ئوغلاق»، «تۇل خوتۇننىڭ قىزى» دەپ بوزەك قىلاتتى، بۇ گەپلەر بالىلىق قەلبىمگە ئورناپ كېتىپتىكەن، چوڭ بولغىنىمدا مۇنداق گەپلەرنىڭ تۇرمۇشتا بەكمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ ئازابلاندىم.

كىشىلەر ئادەتتە كۆپرەك گەپ قىلغان ئادەمنى: «تۇل خوتۇندەك كۆپ گەپ قىلىدىكەن» دېسە، باخشىلار جىن كۆچۈردۇق دەپ: ئەسكى تاملىقتا بار، يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە بار، كۆچ، كۆچ، كۆچ... دېيىش ئارقىلىق تۇل ئاياللارنى ئەسكى تاملىقتەك تاشلاندۇق، قەدىرسىز ھېسابلايدىكەن. يەنە قاسماقراق كىيىم كىيگەننى «تۇل خوتۇندەك كىيىم كىيىپ» دېسە، سۈپۈرمىگەن ئۆينى «تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدەك»، ئوخشىمىغان تاماقنى «تۇل خوتۇننىڭ ئېشىدەك».. دەيدىكەن. ھەتتا لىگىتاسىما ئادەملەرنى «تۇل خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك سۆرىلىپ» دېگەندەك سەت ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىدىكەن.

ئەجەبا، باي ـ باياشات ئادەملەر ئادەتتىكى گەپ ـ سۆزلىرىدىمۇ ئۇلارنى ھاقارەتلىمىسە، مەسخىرە قىلمىسا يېگەن ئېشى سىڭمەي قالارمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرى خالاپ تۇل بولۇۋالمىسا، ئانىلار دادىلىرىمىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىزنى دەپ بىر ئۆمۈر تۇل ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. پۈتكۈل مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بىزگە بېغىشلايدۇ. بىز ئۈچۈن كۈلۈپ، بىز ئۈچۈن يىغلايدۇ. توغرا، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ جاپالىق كۈنلىرىدە كونا كىيىممۇ كىيىدۇ، غورىگىل تۇرمۇشمۇ كەچۈرىدۇ، بىر ئۆينىڭ غېمىنى دەپ، بالىلىرىنىڭ غېمىنى يەپ، كىشىلەردىن بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى ھاقارەتلىسەك توغرا بولامدۇ؟!

مەن نېمىشقىكىن مۇشۇ «تۇل خوتۇن» دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلىسام ئانىلارغا ئوخشاشلا ئازابلىنىپ كېتىمەن. ئۆلمەيدىغان ئىنسان يوق. دادىلارلا ئەمەس، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز. ئازغىنە ھاياتىمىزدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەي ياشايلى، ئانىلارنى ھۆرمەتلەيلى، تۇل ئايالمۇ ھەممىمىزنىڭ ئانىسىغا ئوخشاشلا ئانا، يەنە كېلىپ تولىمۇ مېھرىبان، جاپاكەش ئانا. (04)

(ئاپتور: ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيە بوزدۆڭ فېرما ئاقبۇلاق كەنتىدە)

# «رەسونتچى»، يۈزىڭىز قىزارسۇن

—— قۇربان ئىسمائىل (ئىخلاس) ——

ئىجادىيەت —ئەقلىي ئەمگەك مېۋىسىدۇر، ئۇ مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھامان جاپالىق مېھنەتنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا ئۇ ھەربىر سەنئەتكار ۋە مېھنەت ئىگىسى ئۈچۈن خۇددى ئۆز پەرزەنتىگە ئوخشاش قىممەتلىك ۋە سۆيۈملۈكتۇر.

مەنمۇ شۇنداق بىر مېھنەت ئىگىسىمەن. قولۇمغا ھەرقانداق ماتېرىيال چىقسا، كۆزلىرىم ئاۋۋال ھۆسنخەتلەرنى ئىزدەيدۇ، ئاندىن گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى، ھەجۋىي رەسىملەر، ئاندىن ئەدەبىي ئەسەر، ئاندىن باشقىلار... غا قاراش ھېنىڭ ئادىتىم.

بۈگۈن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 8 ـ سانىنى قولۇمغا ئېلىپ، شۇئانلا: «خەتتاتلار كۆرىكى» سەھىپىسىنى ئاچتىم. كۆزلىرىم ئىختىيارسىز بەتنىڭ ئاستىغىلا تىكىلىپ قالدى! كوپىيە شەكلىدە يېزىلغان بۇ ئەسەر دەل مەن يازغان ئەسەر ئىدى. كۆزۈمنى تازا بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم. يەنە شۇ «ھەر كىشىدە بولسا ئەرلىكتىن نىشان، ھېچ بىر كىشىگە يەتكۈزمەس زىيان!» دېگەن مىسرالار. مەن دەرھال ئۈستىلىمنىڭ تارتمىسىدىن بۇ ژۇرنالنىڭ 1999 ـ يىللىق 6 ـ سانىنى چىقاردىم، ئۆز ۋاقتىدا ماڭا جۇشقۇن بىر روھىي ھالەتنى بەخش ئەتكەن ئەسىرىم مانا ئەمدى ئوپېراتسىيە پىچىقىدا ھالىدىن كەتكەن بىمارەك «جىنازا» ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى.... ئۇنىڭ ھۆسنىگە تىغ تېگىپ، قارىماققا «تونۇغۇسىز» قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنچىلىك ساختا ماھارەت ئەسىرىم بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزلۈكنى، چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتنى بېسىپ چۈشەلەيدۇ دەمسىز؟ غەزىپىم بىردىنلا يۇزۇمگە تەپتى، باشقىلارنىڭ قان تەرىدىن يارىتىلغان «مەھسۇلات»نى قاراپ تۇرۇپ «ئۆزىنىڭ» دېيىشكە ۋىجدانى كۆتۈرگەن قانداق «خەتتات» تۇ بۇ؟... دەپ ئويلاپ، ئاپتورنىڭ ئىسمىغا قارىدىم... بۇ ئىشقا بولدى قىلىۋەتكەنمۇ بولاتتىم، بىراق «قىلغانلىرىمنى ھېچكىم سەزمىدى» دەپ كۆرەڭلەپ كېتىشىڭىزگە، خاتا قەدەمنى يەنە بېسىۋېرىشىڭىزگە يول قويغۇم كەلمىدى.

پەرىزىمچە، سىز بىر ياش ھەۋەسكار، چوقۇم توپۇزلۇق ژۇرنالدا تۇنجى قېتىم ئەسەر ئېلان قىلالىغانلىقىڭىزدىن قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتىسىز، شۇنداقلا «ـ قايسى تەرەپتىن قامچا تېگىپ قالار» دەپ ئازراق ساراسىمىگە چۈشۈپمۇ قېلىۋاتىسىز.

ئېيتىڭا، سىز زادى نېمە زۆرۈرىيەتتىن خەتتاتلىق سەنئىتىگە ھەۋەس قىلىپ قالدىڭىز؟ بەلكى «ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيگۈزۈپلا، ئەپلەپ ـ سەپلەپ يۈز تاپقىلى، پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسىپكەن» دەپ ئويلىغانسىز! سىزدە بىر سەنئەتكارغا خاس لاياقەت، خەلق ئاممىسىغا ھەقىقىي ئۈلگە بولالايدىغان ئىلغار ئىدىيىۋى پەزىلەت، قىسقىسى، سەنئەتكە ھەقىقىي ئىشتىياق بولغىنىدا، ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بولاتتى. چۈنكى، بۇ سىلەر ياشلارنىڭ جاپادىن قورقمايدىغان، ئىشلەپ ھارمايدىغان ئالتۇن دەۋرىڭلار ئىدى، ئەپسۇس!

سىز ژۇرنالدىكى ئەسەرنى قىيىپ چاپلاپ (ئىككى قۇرنى بىر قۇرغا ئەكېلىپ) «يېڭى» بىر ئەسەرنى ئىجاد قىپسىز. تېخى ھېچبىر ھېيىقماي مۇشۇ ژۇرنالنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتىپسىز؟! ژۇرنال بېتى دېگەن ئىشكاپىڭىزدىكى مەشىق قەغىزى ئەمەس، ئۇنى خېلى كاللىسى سەگەك، نۇرغۇن كۆزلەر كۆرەلەيدۇ. ھېلىقىدەك «ئىش ئوخشىتىپ» قىلىپ سالغان ھەرىكەت چىقىپلا كەتسە، ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئىگىلىۋېلىش — سىلىقراق ئېيتساق، سەتچىلىك، قوپالراق ئېيتساق شەرمەندىچىلىك. سىز قارىغاندا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ماتېرىيال كۆرمەيدىغان ئوخشايسىز؟! ئەگەر ماتېرىيال كۆرسىڭىز «تەييارغا ھەييار» ئىجادىيەت ئوغرىلىرى قامىچىلانغان ماقالىلەرنى ئاز ـ تولا كۆرگەن، بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئالغان بولاتتىڭىز. سىز خەتتات، ھەۋەسكارلارنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھەربىر تال سىزىق، بىرەر تال چېكىتلىرىگىچە شۇنداق تەپسىلىي دىققەت قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىغان بولسىڭىز كېرەك؟ بوپتۇ سىلىقراق ئېيتاي، ئىككىنچى بۇنداق ئىشنى قىلماڭ! ئەگەر، ھەقىقىي بىر خەتتات بولۇپ يېتىشىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ھازىردىن باشلاپ ئۆز كۈچىڭىزگە تايىنىپ جاپالىق مەشىق قىلىڭ، پىشقان سەنئەتكارلارنى ئۇستاز تۇتۇڭ، ھەربىر ئاپتور ياكى سەنئەتكاردا خەلق ئالدىدا يۇكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىڭ! مېھنەت قىلغانىڭ يۈزى ئەلۋەتتە يورۇق بولىدۇ. نوچى بولسىڭىز ھېچكىم تېخى مېڭىپ باقمىغان يولنى ئۆزىڭىز ئېچىپ، يېڭى ـ يېڭى نەتىجىلەرنى قازىنىڭ. (09)

(ئاپتور: يەكەن ناھىيە چارباغ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## دېھقان كارىنىڭ ھېكمەتلىرى

▲ سەممىيەت مۇنازىرىلىشىش ئىقتىدارىنىڭ بىر قىسمى؛ ئۆزىمىز قىزغىن، سەممىمي بولغاچقا، باشقىلارنى قايىل قىلالايمىز.

▲ مەن ھامان بىر ئامال قىلىپ ھەربىر بەختسىزلىكنى بىر پۇرسەتكە ئايلاندۇرىمەن.

▲ كۆپىنچە ئۆزىمىز قەدىرلەپ كەلگەن پىلانىنىڭ خارابىلىرى ئارقىلىق جەننەتكە قەدەم قويغاندا، مەغلۇبىيىتىمىزنىڭ ئەسلىدە مۇۋەپپەقىيەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

▲ بالايىئاپەت يۈز بەرگەن كۈندە ھوشىنى يوقاتقان ئادەم ماغدۇرسىز كېلىدۇ.

▲ ھەقىقىي قىزغىنلىقنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىلىشىمىز كېرەك؛ ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن، نېمىلەرنى قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق قىزغىن ھېسسىياتقا توسقۇنلۇق قىلىشتىن ياكى ئۇنى سوۋۇتۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

▲ ئەگەر سەن ئادۋوكات بولۇشنى نىيەت قىلغان بولساڭ، ئىشنىڭ يېرىمى پۈتكەن بولىدۇ.... مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بەل باغلىغانلىقىڭنى، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشتىنمۇ مۇھىملىقىنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارما.

▲ كۈچلۈك نىشانغا، كىشىنى ھەرقانداق ئىشنى ئورۇنداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان سەممىمي روھقا ئىشىنىمەن. بۇنداق ساداقەتلىك ئادەمنى كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى پۈتتۈرىدىغان قىلىشتىكى ئەڭ زور ئامىل.

▲ مەن پۈتۈن ۋۇجۇدىدا قىزغىنلىق يېنىپ تۇرغان كىشىنى ياخشى كۆرىمەن. بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاق بولغىنىكى، ھەرگىز لاي تىنىپ قالغان ئازگال بولما. (09)

(توپلىغۇچى: قەشقەر ئىمكەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدىن ئەكبەر جاپپار)



ماھنۇر ئىسمائىل

# ھايات قەدىرلىك، ھايات قىممەتلىك

مەن بىر دوختۇر، خىزمەتكە قاتناشقىنىمغا نەچچە ئون يىل بولدى. دوختۇرخانىمىزغا ھەر كۈنى كېلىدىغان ئاغرىقلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇلار ھايات قېلىشنى، كېسىلىنىڭ تېزرەك ياخشىلىنىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. يۇرتىمىز چەت ـ يىراقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇكەممەل ئىلغار ئۈسكۈنىلىرىمىز بولمىسىمۇ، ئاغرىقلارنى بارلىق ئاماللار بىلەن ئەستايىدىل داۋالايمىز. بىرەر ئاغرىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنسە، ئۇنىڭ بىرنەچچە، ھەتتا ئون نەچچە ئۇرۇق ـ تۇغقىنى ئاغرىقنىڭ ئەتراپىدا توختىماي پەۋانىدەك ئايلىنىدۇ، بىزگە يالۋۇرىدۇ، يىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەنسىزچىلىككە تولغان چىرايىغا قاراپ، يۈرىكىمىز ئېچىشىپ كېتىدۇ. بىزمۇ دوختۇرخانىغا كەلگەن ئاغرىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساق ـ سالامەت ساقىيىپ چىقىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بىراق، بىر ئىش مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەكمۇ غەش قىلىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان دوختۇرخانىمىزغا بەزىدە زەھەر ئىچىۋېلىپ جان تالىشىۋاتقان ئاغرىقلار ئېلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. كەلگەن ئاغرىقلارنىڭ ئاشقازىنىنى ۋاقتىدا يۇيۇپ تازىلاپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھاياتىنى خەۋپتىن ساقلاپ قالغان بولساقمۇ، لېكىن ۋاقتىدا ئېلىپ كېلىنمىگەن بەزى ئاغرىقلار قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى. يەنە كېلىپ زەھەر ئىچىۋالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى 19 ~ 20 ياشلىق قىزلار، چوكانلار. سەۋەبىنى

سورۇشتە قىلساق، بەكمۇ ئاددىي ئىشلار. ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆزئارا قېيدىشىپ قالغان، لايىقى تاشلىۋەتكەن، ئەر ـ ئاياللار ئۆزئارا جېدەللىشىپ قالغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار.

بۇلار نېمە ئۈچۈن هاياتى بىلەن ئوينىشىدۇ؟ هايات مۇشۇنداق ئەرزىمەس نەرسىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن كىچىككىنە بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ؟ بۇلار ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ئاشۇ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلغانلار ئۆلۈم ئالدىدا ئېچىنىشلىق جان تالىشىدۇ، قىينىلىدۇ، دادـ پەرياد چېكىدۇ، نالە قىلىدۇ. ئەجەبا، ئۇلار زەهەر ئىچىۋېلىشنىڭ ئالدىدا مۇشۇلارنى ئويلىمامدىغاندۇ، مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈش بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق گەپكە بەرداشلىق بېرىشتىن ئاسانمىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ تولىمۇ بىلىمسىزلىك، ياخشى تەربىيىلەنمىگەنلىك. ئەگەر قىزلارنىڭ تاللىغان يىگىتى بىلەن توي قىلىشقا ئائىلە ئەزالىرى قوشۇلمىغان بولسا، قىزلار ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرسە، ئورۇنلۇق تەرىپى بولسا قوبۇل قىلسا، ئورۇنسىز تەرىپى بولسا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈرسە ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق مەسىلىنى هەل قىلسا بولمامدىمۇ؟ يىگىتى ئايرىلىش تەلىپىنى قويغان بولسا، كۆڭلىگە ياققۇدەك باشقىسى چىقماسمۇ؟ ئەگەر قىزلار يىگىت تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغان بولسا، قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىسا بولمامدىمۇ؟ ئەگەر ئەر ـ ئاياللار جېدەللىشىپ قالغاندا بىر نەچچە كۈن ئايرىلىپ تۇرسا ياكى پەقەت كېلىشەلمىگەندە ئايرىلىپ كەتسە بولمامدىمۇ؟!

ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن قېيداپ ئۆلۈۋېلىپ، قايتا تىرىلىۋالغىلى بولامتى؟ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىر بالىنى بېقىپ چوڭ قىلمىقى ئاسانمۇ؟ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ هەممىسىنىڭ ئورۇنسىز بولۇشى ناتايىن. باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىنى ياخشى. ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ شۇ دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىگە ئەقلىم هەيران. مەسىلە پەقەت قىز ـ چوكانلارنىڭ روهىي جەهەتتە چېنىقىشىنىڭ كەملىكى، قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىش ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى كىچىك ۋاقتىدا هەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشقا سەل قارىغانلىقى. شۇ سەۋەبتىن، قىزلار چوڭ بولغاندا كىچىككىنە روهىي ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى نابۇت قىلىش يولىنى تاللىغان، بۇ تولىمۇ ئەرزىمەس، ئەخمىقانە ئۆلۈم. بۇنداق ئۆلۈمگە كىم ئىچ ئاغرىتىدۇ؟ كىم هېسداشلىق قىلىدۇ؟ ئاشۇ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ياشلىق هاياتىنى نابۇت قىلىش ئەرزىمدۇ؟ قىز ـ چوكانلار بۇنى ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. مۇهەببەت، تۇرمۇش هەقىقەتەن ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ، ئەمما كىشىلەرنى ئۆلۈم گىردابىغا قىستاپ بارغۇچىلىك دەرىجىدە مۇرەككەپ ئەمەس. پەقەت تۇرمۇشقا ئېغىر ـ بېسىقلىق، سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساقلا يەڭگىلى بولمايدىغان روهىي بېسىم، قىيىنچىلىق يوق. تۇرمۇش ئىرادىلىك، قەيسەر ئادەملەرگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىدۇ. قىز ـ چوكانلار هاياتىڭلارنى قەدىرلەڭلار، ئىرادەڭلارنى تاۋلاڭلار، ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن ياشاڭلار. (04)

# تەجەللى غەزەللىرىدىكى قارا رەڭ گۈزەللىكى



—— ئەخەت كەلپىن ئىنسانى ——

كىشىلىك تۇرمۇشتا «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۇپەت سۆزى تىلغا ئېلىنسا، كۆپىنچە ھاللاردا يورۇق تۇرغان قەلبىمىزنى غەشلىك تۇمانلىرى ئورىۋالىدۇ. «قارا» دىن ئىبارەت بۇ رەڭ بىزگە ئىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەلبىي مەنىنى ئىپادىلىگەندەك تۇيۇلىدۇ. قارا چاپلاش، قارا نىيەت، قارا بۇلۇت، قارا بوران، قارا قۇيۇن، قارىلىنىش، قارىلىق... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلنى غەش قىلغۇچى سۆزلەردىكى «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۆز بىزنىڭ مېڭىمىزگە سەلبىي تەسىرلەرنى يەتكۈزىدۇ. ھەتتا پاسكىنىچىلىقنىڭ ئۆزىمۇ «قارا»دىن ئىبارەت بۇ رەڭنى ئۆزىگە سىغدۇرغانلىقى ئۈچۈن دىتىمىزغا مۇتلەق سىغمايدۇ. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا «قارا» سۆزى تىلغا ئېلىنسىلا، ئىشنىڭ يامان تەرەپلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. گۈلنىڭمۇ تىكىنى بولغىنىغا ئوخشاش، «تىكەن» كەبى بۇ رەڭنىڭ («قارا»سى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) گۈلى بارلىقى ھەققىدە كلاسسىك شائىرىمىز ھۇسەيىنخان تەجەللى ئۆزىنىڭ «بەرقى تەجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى «قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ناملىق قەسىدىسىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەن.

«قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ماۋزۇلۇق بۇ قەسىدىنى شائىر، قەشقەردىكى دوستى نەزەر بەگ سېلىمئاخۇن قازى ئوغلىغا بېغىشلاپ يازغان بولۇپ، بۇ قەسىدە «بەرقى تەجەللى» («چاقماق نۇرى») ناملىق توپلام ئىچىدىكى ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە ئەسەردۇر. قەسىدىدە، شائىر «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۇپەت سۆزىنىڭ گۈزەللىككە مايىل خۇسۇسىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق «قارا» بىلەن «ئاق» ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتكە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە توغرا مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئانالىزلىرىنى، شەيئىلەرگە بولغان باھاسىنى «ئاق» ۋە «قارا» دىن ئىبارەت مەجازى ۋاستە ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق «قارا» سۆزىنىڭ گۈزەللىككە مايىل خۇسۇسىيىتىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئەتراپلىق چۈشەندۈرىدۇ.

قارا كۆز، قارا قاش، كۆز قارىچۇقى، قارا خال، قاراخان، قارا قۇندۇز (قۇندۇزدەك چاچ)، قارا رەيھان،

قارا چاي... قاتارلىق سۆزلەردىكى «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەتنىڭ ئىسىم بىلەن بىرىكىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان گۈزەل تەرەپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزگە شەيئىلەرگە بىر تەرەپلىمە قارىماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. نەزەرىمىزدىكى «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت سۆزنىڭ ئۈنچىۋالا يىرگىنچلىك سۆز ئەمەسلىكىنى، بەلكى گۈزەل سۆز ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئالايلۇق:

ئالەم ئانىڭ كۆزلىرىدە قارا بولسا يوق ئەجەب،
بىدىلى كىمدۇر قارا كۆزلەر بالاسىغا دۇچار.

(يۈرىكىدىن ئايرىلغان كىشى قارا كۆزلەرنىڭ بالاسىغا دۇچار بولغانلىقتىن، ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنسە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)

كۆز تىكىپ مەن بىر قارا قاش دىلرەباغا كىم ئۈزۈپ،
رىشتەئى ئۈلپەتنى، جىسمىم ئىگنەدەك بولدى نىزار.

(مەن بىر قارا قاش يارغا كۆز تىككەنىدىم، ئۇ ئۈلپەتچىلىك رىشتىسىنى ئۈزگەچكە، ۋۇجۇدۇم يىڭنىدەك ئورۇقلاپ ئاجىزلاشتى)

كۆزلەرىم ئانىڭ قارا خالىن كۆرەرگە تەلمۈرۈر،
زەررەدەك كۆڭلۈم كەبى بولمىش قاراغلار بى قارار.

(ئۇنىڭ قارا خالىنى كۆرۈشكە كۆزلىرىم تەلمۈرىدۇ، كۆز قارىچۇقلىرىم پەرىشان كۆڭلۈمگە ئوخشاشلا بىتاقەت بولدى)

قاتارلىق مىسرالىرىدا شائىر يۇقىرىقى قارىشىنى ئېنىق قىلىپ شەرھىلىگەن.

شائىر يەنە:

ئىبتىدادا بۇ ۋۇجۇد ئەتمىشى قارالىقتىن زۇھۇر،
ئابى ھايۋان چەشمەسى تاپمىش قارالىقدا قارار.

(ئەڭ دەسلەپ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى قارىلىقتىن پەيدا بولغان، ئابى ھاياتنىڭ بۇلىقىمۇ قاراڭغۇ غار ئىچىدە ئىدى)

دىل سۇۋەيداسى قارادۇر، ھەق نەزەرگاھى ئوشۇل،
شاھىدى سىررى ئىلاھى ئول قاراغا يارغار.

(ئىنسان كۆڭلىنىڭ نۇقتىسى قاراڭغۇ تەن ئىچىگە ئورۇنلاشقان، تەڭرى شۇ يەرگە نەزەر سالىدۇ، تەڭرىنىڭ يوشۇرۇن ھېكمەتلىرىنىڭ شاھىتى پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ساقلانغان)

ئەسلىگە راجىئى بولۇر ھەر شەيئى مۇسەللەمدۇر بۇ سۆز،
ئەسلى ھەر شەيئىنىڭ قارادۇر كۆيدۈرۈپ كۆر ئاشكار.

(ھەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ، بۇ سۆزگە ھەممە تەسلىم بولىدۇ. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلى قارادۇر، كۆيدۈرۈپ كۆرسەڭ ئاشكارا بولىدۇ)

قارا ئەنگۇر ئابىدىن ئەتكەن مۇئەنبەر بادەنىڭ،
ئۆزگە تەسىرۇ خۇاسى باشقا بىر تەفرىھى بار.

(رەڭنىڭ ئىچىدە قارىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان رەڭ يوق، چۈنكى قارا رەڭنىڭ يۇلتۇزى يۇلتۇزلار ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈندۇر)

دېيىش ئارقىلىق قارا رەڭ گۈزەللىكىگە بولغان پەلسەپىۋى ۋە ماتېرىيالىستىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «قارا» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت سۆزنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى ناھايىتى جانلىق ۋە دادىل ئىزاھلايدۇ. بىزدە «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دەيدىغان ماقال بار. مۇشۇ ماقال بىزگە «قارا» نىڭ يامان خاراكتېرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يامان نىيەتلىك، ئەسكى ئادەملەرگە قارىتا ئېيتىلغان ماقال بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇنى ھەرگىزمۇ ئومۇملۇق دائىرىسىگە كۆتۈرۈۋالماسلىقىمىز لازىم.

شۇڭا، تەجەللىنىڭ بۇ قەسىدىسىنىڭ روھى بويىچە شەيئىلەرنىڭ زىددىيەتلىك ئىككى تەرىپىنى كۆزىتىشكە ۋە ئۇنى ئەمەلىي خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. (09)

(ئۆمەر قاسىم فونوسى)

(ئاپتور: كەلپىن بۇرجى ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# مۇراببالار

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۈچ ۋاخ تاماق شىرەسىدە ھەر خىل مېۋىلەردىن ياسالغان مۇراببالار كەم بولسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. تۆۋەندە بىز ئائىلىدە قورۇق مېۋىلەردىن مۇراببا تەييارلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا مەسلىھەت بەرمەكچىمىز.

## چىلان مۇراببىسى

چىلاندىن 500 گرام ئېلىپ پاكىز يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن چىلاشقۇدەك سۇغا بىر سوتكا چىلاپ قويىمىز. قازانغا مۇۋاپىق مىقداردا (ئىككى كىلوگرام ئەتراپىدا) سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭغا بىر يېرىم كىلوگرام شېكەرنى تۆكۈپ قاينىتىمىز. قىيام قايناپ ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا چىلاننى سۈزۈپ ئېلىپ سېلىپ ئۇن مىنۇت قايناتساقلا بولىدۇ. چىلاننى سالغاندا ئاز مىقداردا لىمون قوشۇپ سېلىۋەتسەك ئۇزاق مۇددەتكىچە ساقلاپ يېگىلى بولىدۇ.

چىلان ئەڭ ئېسىل شىپالىق دورا بولۇپ، يۈرەكنى كۈچلەندۈرىدۇ. قان تولۇقلاپ، قاننى تازىلايدۇ. ياللۇغ قايتۇرىدۇ. سۈيدۈكتىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

## ئۆرۈك قېقى مۇراببىسى

ئۆرۈك قېقىدىن 500 گرام تەييارلاپ، يۇيۇپ بىر سوتكا چىلاپ قويىمىز. قازانغا ئىككى كىلوگرام سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭغا بىر كىلوگرام شېكەرنى تۆكۈپ قاينىتىمىز. سۈيى قايناپ ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا قاقنى سۈزۈپ ئېلىپ سالىمىز، لىموندىن 0.3 گرام سېلىپ ئۇن مىنۇت قايناتساقلا بولىدۇ. ئۇ تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. قان، سەپرا تېزلىكىنى پەسەيتىدۇ، نەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

## كىشمىش ئۈزۈم مۇراببىسى

كىشمىش ئۈزۈمدىن 500 گرام، ھەسەلدىن 500 گرام تەييارلاپ، ئىككى كىلوگرام سۇغا ھەسەلنى تۆكۈپ قاينىتىپ ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا كىشمىش ئۈزۈمنى سېلىپ ئۇن مىنۇت قاينىتىمىز.

كىشمىش ئۈزۈم مۇراببىسىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، قان كۆپەيتىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. جىگەرنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

## قارىئۆرۈك مۇراببىسى

قارىئۆرۈكتىن 500 گرام ئېلىپ پاكىز يۇيۇۋېتىپ، سۇغا بىر سوتكا چىلاپ قويىمىز، بىر يېرىم كىلوگرام شېكەر تەييارلايمىز. قازانغا ئىككى كىلوگرام سۇ قۇيۇپ، شېكەرنى تۆكۈپ قاينىتىمىز. قىيام قايناپ ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا قارىئۆرۈكنى سېلىپ، پەس ئوتتا ئۇن مىنۇت قاينىتىمىز.

قارىئۆرۈكنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، قىزىتمىنى قايتۇرىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالايدۇ. ئەگەر زۇكام بولۇپ قالغاندا، گۈرۈچ بىلەن بىرگە قاينىتىپ ئىچسە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

## شاپتۇل قېقى مۇراببىسى

شاپتۇل قېقىدىن 500 گرام ئېلىپ ئىككى سوتكا چىلايمىز. بىر كىلوگرام شېكەر تەييارلايمىز.

قازانغا ئىككى كىلوگرام ئەتراپىدا سۇ قۇيۇپ، شېكەرنى تۆكۈپ قاينىتىمىز، قىيام ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا شاپتۇل قېقىنى سۈزۈپ ئېلىپ سېلىپ، ئۇن مىنۇت ئەتراپىدا قايناتساقلا بولىدۇ.

شاپتۇلنىڭ تەبىئىتى سوغۇق، ئۇنىڭ قان توختىتىش، تەر توختىتىش، ئېغىز پۇراشنى يوقىتىش رولى بار.(04)

# «سوڭشيا» ھەققىدە بىرنەچچە سۆز

ئابلىكىم مەمەت

مەن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىكى ماقالىلەرنى كۆرۈۋېتىپ، «سۇڭشيا قانداق قەد كۆتۈرگەن» ناملىق ماقالىگە دىققىتىم مەركەزلەشتى.

بۇ تەرجىمە ماقالىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ۋە ئىزدەنگۈچىلەرگە تەربىيە بېرىش ئەھمىيىتى ياخشى بولسىمۇ، ماقالىدىكى ئاساسىي ۋە ئەجەللىك مەسىلە تەرجىماننىڭ ياپونىيە يېنىنىڭ قىممىتىگە ۋە ئەسلىدىكى ماقالە مەزمۇنىغا سەل قارىغانلىقى ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم.

ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدىكى پايدىلىنىش قىممىتى بار ماقالىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پاكىت ناھايىتى مۇھىم. جۈملىدىن پاكىت ئوچۇق، سانلىق قىممەتلەر يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ماقالىدە بىر شەخسنىڭ قەد كۆتۈرۈش جەريانى سىستېمىلىق ۋە قايىل قىلارلىق بايان قىلىنغان بولسىمۇ، پۇل قىممىتى ھەققىدىكى تەرجىماننىڭ ساۋاتسىزلىقى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم خاتالىقلارغا يول قويۇلغان. ماقالىگە قارايدىغان بولساق، مەزكۇر ماقالىدىكى شەخس ياپونىيىنىڭ ئوساكا شەھىرىدە باش كۆتۈرۈپ، سودىسىنى توكيوغىچە كېڭەيتكەن. ئۇنىڭ سودىسى كىچىكلىكتىن زورايغان. ماقالىدە ئۇ 200 يىن (جۇڭگو پۇلى بويىچە 14 يۈەن ئەتراپىدا) بىلەن ئىش باشلىغان. 100 دانە روزېتكا سېتىلغاندا پۇلى ئون يىنغىمۇ (بىر يۈەنگىمۇ) يەتمىگەن، ھەتتا سەل قەددىنى رۇسلىغاندىن كېيىن 7000 يىندىن (500 يۈەندىن) كۆپرەك پۇل خەجلەپ 230 نەچچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زاۋۇت ئۆيى سالغان. يۇقىرىدا ئىشلىتىلگەن سانلىق مىقدارلار بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىستېمال سەۋىيىسى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان توكيو، ئوساكا شەھەرلىرىگە قەتئىي ماس كەلمەيدۇ.

ماقالىدە يەنە بۇ مەزگىلنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن بولسىمۇ، 80 نەچچە يىل كېيىنكى بۇ دەۋر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ياپونىيە يېنىنىڭ كۇرسىنىڭ بىراقلا 40 ـ 50 ھەسسە تۆۋەنلىشى، ياپونىيىدەك ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى قاتاردا بولۇۋاتقان دۆلەتكە نىسبەتەن ئۆز پۇلىنىڭ كۇرسى ئۆرلىمەستىن تۆۋەنلىشىمۇ ئىقتىساد ئىلمىغا ماس كەلمەيدۇ.

ماقالىدىكى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۆزۈمچە تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم: بىرى، تەرجىمىگە ئاساسلانغان ئەسلىي ماقالىدە شۇنداق يېزىلغان؛ يەنە بىرى؛ ئاپتورنىڭ سانىنىڭ تەرجىمىسىنى خاتا قىلغانلىقىدىن بولغان. ئۈچىنچى سەۋەب، ياپونىيە يېنىنىڭ كۇرسى 80 نەچچە يىل داۋامىدا داۋاملىق چۈشكەن. بۇ پەرەزنىڭ يۇقىرىقى ئىككىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۈچىنچى پەرەزنى بىز يۇقىرىدا ئىنكار قىلدۇق. شۇڭلاشقا، پەرىزىمىزنىڭ يۇقىرىقى ئىككى نۇقتىدا توختايدىغانلىقى ئېنىق.

تەرجىمە خىزمىتىنىڭ قىيىنلىقى ھەممەيلەنگە ئايان، ئوقۇرمەنلەرگە ياققۇدەك يېڭى ئەسەر، يېڭى نەتىجىلەرنى تونۇشتۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان جاپاكەش تەرجىمانلارنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداق سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ قويۇشى قەدەمدە بىر يولۇقۇشى مۇمكىن. مەن تەرجىماننىڭ تەرجىمىدىكى دىققەتسىزلىك تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىغان يۇقىرىقىدەك سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىپ، تەرجىمىدە ئالغا بېسىپ، خەلقىمىز، جۈملىدىن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان شىجائەتلىك ياشلىرىمىزغا، سۆيۈپ ئوقۇيدىغان «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېسىل مېۋىلەرنى بېرىشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.(09)

(ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ ئوتتۇرا مەكتىپىدە)

# دۇنيادىكى بەش چوڭ كىيىم-كېچەك كۆرگەزمىسى

**مىلاد زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر كۆرگەزمىسى:** ئىتالىيەنىڭ داڭلىق شەھىرى مىلاد پارىژدىن كېيىنكى يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر شەھىرىدۇر. ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بۇ شەھەردە يۇقىرى سەۋىيىلىك زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆرگەزمىدە داڭلىق كارخانىلارنىڭ يېڭى ئېقىم بويىچە لايىھىلەنگەن داڭلىق كىيىملىرى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ كىيىم ـ كېچەكلەر ئازادە، سۈپەتلىك بولۇپلا قالماي، ھەرقانداق ئادەمگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ھوزۇرلىنىش ۋە گۈزەل ھېسسىيات ئاتا قىلىدۇ.

**پارىژ خەلقئارالىق ئايالچە كىيىم ـ كېچەكلەر كۆرگەزمىسى:** فرانسىيە پايتەختى پارىژ «دۇنيا زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر شەھىرى» دېگەن نامغا ئىگە. پارىژ خەلقئارالىق ئايالچە كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۆرگەزمىدە كىيىم مودىسى ئاساس قىلىنىدىغان بولۇپ، يەنە بىر قىسىم ماللار زاكاز قىلىنىدۇ. كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئايالچە كىيىم ـ كېچەكلەر ھەقىقەتەن رەڭدار، سىپتا. پارىژ خەلقئارالىق ئايالچە كىيىم ـ كېچەكلەر كۆرگەزمىسى دۇنيا ئايالچە كىيىم ـ كېچەكلەر ئېقىمى ۋە بۇنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور تەسىرگە ئىگە.

**مىيۇنخېن خەلقئارالىق زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر كۆرگەزمىسى:** دۇنياغا داڭلىق گېرمانىيە مىيۇنخېن خەلقئارالىق زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر بايرىمى ھەر يىلى باھار ۋە كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر قېتىمقى كۆرگەزمە 25 ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەر مۇشۇ يىلدىكى يېڭى مودا كىيىملەر ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئېكسكۇرسىيىچىلەر كىيىم ـ كېچەك ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كۆرگەزمىگە كىرەلمەيدۇ. پەقەت ھەقىقىي كىيىم سېتىۋالغۇچىلارلا كۆرگەزمە ئىچىگە كىرىپ بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن سودىلىشىدۇ.

**بېلگراد خەلقئارالىق زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر كۆرگەزمىسى:** بېلگرادتا ھەر يىلى باھاردا كىيىم ـ كېچەكلەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆرگەزمە بۇ يىللىق كىيىم ـ كېچەك پاسونىدىن دېرەك بېرىدۇ ھەم كىيىم ـ كېچەكنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە زاۋۇتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە كۆرگەزمە قىلىنغان كىيىم ـ كېچەكلەر ئادەتتە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېقىن بولۇپ، كۆچلۈك ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، يارىشىملىق ھەم سۈپەتلىك. بۇ يەرگە كەلگەن سودىگەرلەر سودىلاشقاندا بەزىلىرى دەرھال پۈتۈشىدۇ. بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك نۇسخىسى ياكى لايىھىسىنى ئېلىۋېلىپ، يۇگوسلاۋىيە كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى بىلەن مال يەتكۈزۈش توختامى ئىمزالايدۇ.

**شياڭگاڭ زامانىۋى كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى:** شياڭگاڭ خەلقئارالىق كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدە، دۇنيادىكى داڭلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى تاپقىلى بولىدىغان جاي، دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. شياڭگاڭ سودا تەرەققىيات ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان «شياڭگاڭ زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر بايرىمى» ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر يىلى ئاشۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ھەر ساھە زاتلىرى كىيىم ـ كېچەك سەھنىسىنىڭ بۇ يىغىلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، شياڭگاڭنىڭ ئەزەلدىنلا ئاۋات بازارلىرىغا يەنە بىر خىل خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.(09)

(«ئىلى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن **غالىپ روزىيوف** تەرجىمىسى)



# www. xjdaxue. com

# ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى

| ئازادە مۇھەت | ئىلغار ئۇسكۇنە | كەسپىي ئوقۇتقۇچى | مۇنتىزىم ئوقۇتۇش |
|---|---|---|---|
| يۇقىرى سۈپەت | كىنىشكا بېرىلىدۇ | ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ | خىزمەتكە تونۇشتۇرۇلىدۇ |

**كومپيۇتېر ئىنگلىز تىلى خەنزۇ تىلى ياپون تىلى رۇس تىلى كەسپىي بويىچە ياككە پەنلەر ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ**

كومپيۇتېر ۋە چەت ئەل تىلى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ھەممىمىزنىڭ ساپا قۇرۇلمىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى دەۋر ھەممىمىزدىن مەيلى تىجارەت، تۇرمۇش ياكى خىزمەتتە بولسۇن كومپيۇتېر ۋە چەت ئەل تىلىنى بىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. تەربىيىلەش مەركىزىمىز دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە جايلاردىن تۆۋەندىكى كەسپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ.

## 8920555 1. قوبۇل قىلىدىغان ئاساسلىق كەسپلەر 8923888

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | كومپيۇتېر + ئىنگلىز تىلى + خەنزۇ تىلى | (1، 2 يىللىق) | 10 | كومپيۇتېر يەككە پەنلەر ئالىي تېخنىكوم سىنىپى | |
| 2 | كومپيۇتېر + ئىنگلىز تىلى | (1، 2 يىللىق) | 11 | كومپيۇتېر تۆۋەن، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجە سىنىپى | |
| 3 | كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى | (1، 2 يىللىق) | 12 | كومپيۇتېر ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى | (1، 2 يىللىق) |
| 4 | خەنزۇ تىلى + ئىنگلىز تىلى | (1، 2 يىللىق) | 13 | تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى | (2 يىللىق) |
| 5 | رۇس تىلى + كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى | (1، 2 يىللىق) | 14 | قانۇن كەسپى، تارىخ كەسپى | (2 يىللىق) |
| 6 | خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق | (1، 2 يىللىق) | 15 | ياپون تىلى، رۇس تىلى | (1، 2 يىللىق) |
| 7 | ئىنگلىز تىلى | (1، 2 يىللىق) | 16 | ئوردۇ تىلى، ئەرەب تىلى | (1، 2 يىللىق) |
| 8 | رۇس تىلى + كومپيۇتېر | (1، 2 يىللىق) | 17 | ياپون تىلى + كومپيۇتېر + خەنزۇ تىلى | (1، 2 يىللىق) |
| 9 | ياپون تىلى + كومپيۇتېر | (1، 2 يىللىق) | 18 | ئاخبارات ۋە باشقا كەسپلەر | (1، 2 يىللىق) |

**2. دەرس ۋاقتى: پۈتۈن كۈنلۈك ، چۈشتىن بۇرۇن ، چۈشتىن كېيىنلىك ، كەچلىك ، شەنبە ، يەكشەنبىلىك**

*3. ئوقۇش مۇددىتى: 2 يىل، 1 يىل، 6 ئاي، 4 ئاي، 3 ئاي، 2 ئاي، 1 ئاي بولىدۇ. ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.*

*4. ئوقۇتۇش سۈپىتى:* تەربىيىلەش مەركىزىمىزنىڭ دائىرىسى كەڭ (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) دىكى كەسپكە پىشقان، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە. زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ھازىرلانغان. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن.

*5. قوبۇل قىلىنىدىغانلار:* ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، چەت ئەلگە چىققۇچىلار ۋە بىلىم ئېلىپ ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار.

*6. ئوقۇش تارىخى:* ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلارغا ئوقۇش تاماملاش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ. 2 يىللىق ئوقۇغانلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئىمتىھانىغا بىر تۇتاش قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئالىي تېخنىكوم، تولۇق كۇرس دىپلومى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. دۆلەت ئوقۇش تارىخىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. كومپيۇتېر كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلارغا تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا دەرىجە لاياقەتلىك كىنىشكىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەككە پەنلەر بويىچە ئالىي تېخنىكوم دىپلومى، دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان CAD لاياقەتنامىسى، MCSE مىكرو سوفتنىڭ تور تېخنىكا لاياقەتنامىسى بېرىلىدۇ.

(0991) 8586666

**7. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مەركىزىمىزنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا خىزمەتچى قوبۇل قىلىنىدۇ.**

## تېلېفون (0991) 8555555 2555555



# تېلېۋىزىيە مەشرىپى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

پەرىدە قاۋۇز

يېقىندا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۇيغۇر مەشرىپى ئېكرانغا چىقىرىلىپ بىزنى خۇشال قىلدى، ھالال ئەمگىكى، ئەقىل - پاراستى بىلەن بېيىغان كارخانىچىلىرىمىز ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىز ئۆزلىرى مەبلەغ سېلىپ نۆۋەت بىلەن مەشرەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزغا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. بۇ مەشرەپلەردىكى قىزىقارلىق ناخشا - ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئېپىزوتلار مەشرەپ مەزمۇنىنى بېيىتقان. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولدى. كۆپلىگەن كۆرۈرمەن دوستلار بۇنىڭدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ ئۆزىنىڭ چاڭقاقلىقىنى قاندۇرۇپ، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشنىڭ جانلىق مەكتىپىنى تاپقاندەك ھېس قىلىشتى. ئورغۇن كىشىلەر تېلېۋىزوردىن روھىي ئوزۇق ئىزدەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپ ۋاقتى تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئۆتىدۇ. تېلېۋىزور ئۆزىنىڭ رەڭدار، مول مەزمۇنلۇق پروگراممىلىرى بىلەن بىزنى ئۆزىگە ماگنىتتەك جەلپ قىلدى ھەمدە كۆزگە كۆرۈنگەن تېلېۋىزور رىياسەتچىلىرىمۇ يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك يېتىشىپ چىقماقتا. بۇ ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تەرەققىياتىنىڭ ياخشى باشلىنىشى بولۇپ، مۇنىرە غوپۇر، ئۇمىد غەنى، پاتىگۈل سەئىدى قاتارلىق رىياسەتچىلەرنىڭ ئىنكاسى تېز، ھەرىكىتى تەبىئىي، سۆز - ئىبارىلىرى راۋان سەنئەتكارلار بولۇپ، بىزگە سەممىمىي دوستلاردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ پروگراممىلارنى باشقۇرۇش سەنئىتىگە قايىل، بىراق تەلەپنى قاتتىقراق قويغاندا، بىزنىڭ ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە رىياسەتچىلىرىمىز يەنە تىرىشىشى كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى دەۋرنىڭ رىياسەتچىلەرگە قويغان تەلىپى بىز مۆلچەرلىگەندىنمۇ يۇقىرى بولماقتا. بۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب، بىزنىڭ رىياسەتچىلىرىمىز پەقەت ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا رىياسەتچىلىك قىلىپلا قالماستىن، ئىنگلىز تىلىدا رىياسەتچىلىك قىلىشتەك يېڭى بىر خىل شەكىللەرنىمۇ مەيدانغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولسا، بىزنىڭ تېلېۋىزىيە رىياسەتچىلىكىمىز تېخىمۇ رەڭدار، جەلپ قىلارلىق ئېلىپ بېرىلغان بولاتتى ھەم رىياسەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا رىقابەت تېخىمۇ كۈچىيىپ،

كۆپ تىللىق، كۆپكە ماھىر رىياسەتچىلەر يېتىشىپ چىققان بولاتتى. ھازىر خەنزۇچە پروگراممىلارنىڭ تەرەققىياتى تېز، رىياسەتچىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلاردا تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ مۇنەۋۋەر رىياسەتچىلەر يېتىشىپ چىقىپ بىزگە ئۆلگە تىكلەپ بەردى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «جىڭدا سەنئىتى» پروگراممىسىنىڭ تۇنجى رىياسەتچىسى ياڭلەن ناھايىتى تېزلا پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن رىياسەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ يالغۇز خەنزۇ تىلىدىلا ئەمەس، ئىنگلىز تىلىدىمۇ راۋان رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا تايىنىپ زور ئۇتۇقلارنى قازاندى. مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە رىياسەتچىلىرىمىزمۇ مەشرەپلەردىكى قىزىقچىلاردەك يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتنى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خەنزۇ رىياسەتچىلەردەك كۆپ تىللىق بىلىم ساپاسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلسا، رىياسەتچىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلىسا، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە يانداشىپ تېلېۋىزىيە رىياسەتچىلىكىمىزنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقىلى بولىدۇ. گەرچە بۇرۇنقى ئۇيغۇر مەشرەپچىلىكىمىزدىكى رىياسەتچىلىك ھازىرقى زامان رىياسەتچىلىكىنىڭ ئەينەن ئۆزى بولمىسىمۇ، بىزدە رىياسەتچىلىكنىڭ «خېمىر ـ تۇرۇچى» بار. مانا بۇ «خېمىر تۇرۇچ»تىن تولۇق پايدىلىنىدىغان بولساق ۋە ھازىرقى دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، مۇنەۋۋەر رىياسەتچىلەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، كونىنى يېڭى ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق تىرىشىپ ئىزدىنىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشالايمىز. (09)

(ئۆتكۈر نىجات فوتوسى)

## شېرىن سۆزلەر ھېكمەتلەردىن

△ بۇ دۇنيادا ھېچكىم تىرىشماستىن بىرەر مەرتىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

تىرىشمايدىغان يوقسۇلغا بارلىق بىلەن يوقلۇقمۇ ئوخشاش.

△ «بۇنى ھېچكىمگە ئېيتما» دەپ مەخپىيەتلىكنى باشقىلارغا ئاشكارىلىما، ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغان مەخپىيەتلىكنى باشقىلار قانداقمۇ ساقلىيالىسۇن.

△ خاتا، ئەمما ئويلاپ قىلىنغان سۆز، ئويلىماي قىلىنغان توغرا سۆزدىن ياخشىدۇر.

△ ھېچكىمنى ئىشىدىن مەھرۇم قىلما، ھېچكىمنى ماكانىدىن ئايرىما، ھېچكىمنى يەمىتىشقا ئۇرۇنما. چۈنكى، يىقىلىپ ئامالسىز قالغان چېغىڭدا ھېچكىم سېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويمايدۇ.

△ چىشنى چاشقاندەك نەپسىگە قورال قىلغان كىشى دۆلەت قۇشىنى قانداقمۇ ئوۋلىيالىسۇن!

△ ئادەم پەقەت تېرە بىلەن ئۇستىخاندىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، ھەممىلا تەندە مەنىۋى روھ يوقتۇر.

△ پەرۋانە ئۇچۇن شامنىڭ ئوتى بىر گۈلىستاندۇر.

△ نەپسىڭنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن كۈتسەڭ، ئۆمرۈڭگە ئېكەك سالغان بولىسەن. (09)

(تۇرپان شەھەر ئۆزۈمچىلىك يېزا بېلىقچى مەكتىپىدىن ئالىم قاھار توپلىغان)

# بىر خەۋەر ۋە بىر مۇلاھىزە

نۇرلەخمەت مۇھەممەت

يېقىندا مەن گېزىتتىن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلىپ، ئوقۇش پۇلى تەلەپ قىلغانلىق توغرىسىدىكى بىر پارچە خەۋەرنى ئوقۇدۇم.

بۇ خەۋەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەن ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ «قانۇن ئېڭى» نىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ھېس قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا ــ ئانىسىغا ھېسداشلىق قىلدىم. پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىش ھوقۇقى بار، بۇ قانۇندا ئوچۇق بەلگىلەنگەن. بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، ئاتا ــ ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان مەجبۇرىيىتى زادى قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟ ئاتا ــ ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا نىكاھ قانۇنىنىڭ 21 ــ ماددىسىدا: «ئاتا ــ ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى بېقىش، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ــ ئانىسىغا قاراش مەجبۇرىيىتى بار، ئاتا ــ ئانا پەرزەنتلىرىنى بېقىشى، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، قۇرامىغا يەتمىگەن ياكى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان پەرزەنتلىرى ئاتا ــ ئانىسىدىن بېقىپ تەربىيىلەش ھەققى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، پەرزەنتلەر ئاتا ــ ئانىسىغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، ئەمگەك ئىقتىدارى يوق ياكى تۇرمۇشى قىيىن بولغان ئاتا ــ ئانا پەرزەنتلىرىدىن قاراش ھەققى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن.

قۇرامىغا يەتمىگەن پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەش ئاتا ــ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. بىراق 18 ياشقا توشقان، مۇستەقىل تۇرمۇش ئىقتىدارىغا ئىگە پەرزەنتلەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 2001 ــ يىل 12 ــ ئاينىڭ 28 ــ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان نىكاھ قانۇنىنى تەتبىقلاشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئىزاھاتىنىڭ 20 ــ ماددىسىدا: «ئاتا ــ ئانىلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان پەرزەنتلىرى دېگىنىمىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھەمدە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئوقۇش تەربىيىسىنى ئېلىۋاتقان ياكى ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ياكى قىسمەن يوقاتقان، غەيرىي ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نورمال تۇرمۇشنى قامداشقا ئامالسىز قالغان بالاغەتكە يەتكەن پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئەمەلىيەتتە، 18 ياشقا توشقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شۇنى تولۇق چۈشىنىشى كېرەككى، ئاتا ــ ئانىڭىزنىڭ مەجبۇرىيىتى پەقەت سىزنى تەربىيىلەپ، قۇرامىغا يەتكۈزۈش، سىزنى قانداق ئەمگەك قىلىش، قانداق پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىش، 18 ياشقا توشقاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ تەقدىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتا ــ ئانىڭىزغا قاراش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىڭىز بار، بۇنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ. (09)

(ئاپتور: غۇلجا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە)



يەكەن تاشيول ئۇچاستكىسىدىكى 120 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار «سۇ كەلگۈچە تۇغان سال» دېگەن روھ بىلەن كەلكۈن مەزگىلى يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال كەلكۈن بۇزۇۋېتىش خەۋپى بار دەپ قارالغان يەكەن دەرياسى قىشىغا 824 كۇب مېتىر قورام تاش قاچىلانغان سىم كۆشۈكنى بىسىپ، كەلكۈنگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇردى. (04)

(قادىر ھوشۇر خەۋىرى، فوتوسى)

(ئاپتور: يەكەن تاشيول ئۇچاستكىسىدا)

يېقىندا مارالبېشى ناھىيىسى دۆلەتباغ يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى يېزىدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئىدارە ئورۇنلىرىدىن 16 كوماندا تەشكىللەپ، ۋالىبول، ئارقان تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، نەتىجىگە ئېرىشكەن ئالدىنقى تۆت كوماندا ۋە بىر مەدەنىي كوماندا مۇكاپاتلاندى. (04)

(قەيسەر ھامىدىن، رەيھانگۈل قاسىم خەۋىرى، فوتوسى)

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە دۆلەتباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)





پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاقتام يېزىسىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى، ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار ماسلىشىپ 160 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان كوماندا تەشكىللەپ، ۋالىبول، ئارقان تارتىشىش قاتارلىق ئون نەچچە تۈر بويىچە دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دېھقانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. (04)

(تۇرسۇن راخمان خەۋىرى، فوتوسى)

(ئاپتور: پوسكام ناھىيىسى ئاقتام يېزىسىدا)

ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق قاراتال بازارلىق ئىتتىپاق كومىتېتى ئورگان ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى دېھقانچىلىقنىڭ قانلاق مەزگىلىدە كەنتلەرگە بېرىپ دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە تەشكىللەپ، دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. (04)

(ئوسمانجان ئىسمائىل خەۋىرى، فوتوسى)

(ئاپتور: ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال بازىرىدا)



# سۈكۈتتە تۇرۇشنىڭمۇ ئۈنۈمى بار

سۈكۈتتە تۇرۇش — پاراڭلىشىش سەنئىتىدىكى بىر خىل ماھارەت. ئۇ سىزنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىڭىزدا دائىم ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ، سىزنى بەزىدە مۇۋاپىق سۆز تاپالماي گاڭگىراپ قېلىش ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. چۈنكى، بەزىدە ئويلىمايلا دېيىلگەن بىر ئېغىز سۆز باشقىچە نەتىجە بېرىپ، كىشىنى ئوسال قىلىپ قويىدۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مەن ئۆيگە چىقىپ كېتىۋېتىپ، كۆرۈشمىگىلى بىرنەچچە كۈن بولغان قوشنىمىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم. مەن قوشنىمىزنىڭ كەيپىياتىغا زەن سالمايلا: «بىۋاقىتنى تازىمۇ ئوبدان بېقىپسىز، بەكلا ساغلام چوڭ بوپتۇ» دەپتىمەن. بۇ چاغدا قوشنىمىز گەپ قىلماي تۇرۇپلا قالدى. كېيىن ئاڭلىسام قوشنىمىزنىڭ بالىسى ئۆپكە ياللۇغى بىلەن كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقانىكەن.

بىر ئادەم كۆپىنچە ھاللاردا سۈكۈت قىلغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدۇ. ئورۇنسىز گەپ قىلىپ قويغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىدۇ. چۈنكى، بەزىدە سۈكۈت قىلىش ئارقىلىقمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئاپام يېگى يىل ھارپىسىدا سېتىۋالغان مېلىنى قايتۇرغىلى سودا سارايىغا بېرىپتۇ. پەشتاختا ئالدىدا خېرىدارلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاپام مال قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بولغۇچە مال ساتقۇچى «مالنى قايتۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپتۇ. بۇ چاغدا ئاپام مال ساتقۇچىنىڭ قولى بوشىغۇچە نېرىراقتا بېرىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. 15 ـ 20 مىنۇتتىن كېيىن مال ساتقۇچى ئاپامنىڭ تېخىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاپامنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئاپام سۈكۈتتە تۇرۇش ئارقىلىق بەزىدە ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىپمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئۈنۈمگە ئېرىشىپ قايتىپ كەپتۇ.

ئەلۋەتتە، ھەقىقەتنى ياقلاش، دوستلارغا تەسەللىي بېرىش، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان خاتا تونۇشىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارغا سۈكۈت قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق، بۇ چاغدىمۇ يەنىلا ئويلىنىۋېلىپ سۆزلەش كېرەك.

سۈكۈتنىڭ رولى خۇددى «0» گە ئوخشايدۇ. ئەگەر سۆھبەت جەريانىدا «0» بولمىسا، سۆھبەتنى



داۋاملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر سىز بىرەر ئىشقا غەزەپلىنىپ ئاچچىقىڭىزنى چىقىرىۋالماقچى بولسىڭىز، ئاۋۋال بىر يۇتۇم سۇ ئىچىۋېلىپ، ئىككى قولىڭىزنى جۈپلەپ، چىرايىڭىزغا كۈلكە يۇگۇرتۇڭ، بۇنداق قىلغاندا كەيپىياتىڭىزنى كونترول قىلالايسىز.

كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا كۆپىنچە ئىشلارغا سۇكۇت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ئازاب چېكىشىنى خالىمايسىز، ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلگەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى ئويلايسىز. بىراق، سىزنىڭ ئۇ ئىشلارغا ئارىلىشىشىڭىزنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولماسلىقى مۇمكىن.

ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن قىزىم بىر كۈنى مەكتەپتىن ئۆيگە روھى چۈشكۈن ھالەتتە قايتىپ كەلدى. مەن «نېمە بولدۇڭ؟» دەپ سورىسام، ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپلا يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن گەپ سورىمىدىم. پەقەت ئۇنى باغرىمغا باستىم. ئۇ ئۇزۇن مىنۇتقىچە ئېسەدەپ يىغلىغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى ـ دە، «رەھمەت سىزگە ئاپا» دەپ يېنىمدىن تۇرۇپ كەتتى. مەن ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن يىغلىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىراق ئۇ ئەينى چاغدا كۆڭلىدىكىنى كوچىلاپ سوراشقا، ئىشىنىشكە موھتاج ئىدى. كېيىن ئۇ ماڭا ئۇ ئىشنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا سۈكۈتتە تۇرۇش، بەزىدە سىزنىڭ گەپ قىلىشىڭىزدىن ئوبدانراق ئۈنۈم بېرىدۇ. (04)

(«ئىلى كەچلىك گېزىتى» دىن)

## مەخپىي سۆھبەت

1942 ـ يىلى لىن بياۋ ماۋ زېدۇڭغا ۋاكالىتەن چۇڭچىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشكەن. «پارتىيە تارىخى ھەققىدە» ژۇرنىلىنىڭ 12 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ۋاڭ يۈگىنىڭ ماقالىسىدە كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئاشكارىلانغان.

دەسلەپتە، ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ شەخسەن بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈش مەسىلىسىدە چىڭ تۇرغان. جۇ ئېنلەي جياڭ جيېشىنىڭ قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ماۋ زېدۇڭ شەخسەن بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى، ماۋ زېدۇڭنىڭ شەخسەن بولۇۋاتقاندا ئالادىيېلىق يۈز بەرگەن ھامان مەركىزىي كومىتېت يەنئەندە تۇرۇۋاتقانلىقى، جۇ ئېنلەي چۇڭچىڭدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، قامچا ئۈزۈن بولغان تەقدىردىمۇ ئاتقا تەگمەيدۇ، دەپ ھېسابلىغان: ئۇ يەنە ماۋ زېدۇڭغا ئىككى قېتىم تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنىڭ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلغان.

جۇ ئېنلەينىڭ ماۋ زېدۇڭغا ئەۋەتكەن ئىككى پارچە تېلېگراممىسى كاڭ شېڭ باستۇرۇۋېلىپ قويغان. 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگە كەلگەندىلا ماۋ زېدۇڭ تېلېگراممىنى «ئوقۇغان». بۇ چاغدا گومىنداڭ تەرەپ لىن بياۋنىڭ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشكە قوشۇلغان. شۇنداقتىمۇ ماۋ زېدۇڭ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈش مۇددىئاسىدىن ۋاز كەچمىگەن. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ جۇ ئېنلەيگە تېلېگرامما بېرىپ، لىن بياۋ، جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشكەندە مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويسۇن دېگەن. ئۇ «نۆۋەتتە، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئېسىلىپ قالغان دېلولارنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى كەلگەندەك قىلىدۇ» دەپ ھېسابلىغان.

كېيىن لىن بياۋ شەخسەن ئەمەس، بەلكى چۇڭچىڭدا جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشكەن، لىن بياۋ چۇڭچىڭدا تۇرغان ئون ئاي ئىچىدە كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ تۆت قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. 1942 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لىن بياۋ جاڭ جىجۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشكەن. لىن بياۋ گومىنداڭنىڭ 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزىنى كۈچىنىڭ بارىچە كۆككە كۆتۈرگەن ھەم جياڭ جيېشىنىڭ مىللەتنىڭ داھىيسى بولۇشىنى چىن دىلىدىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

لىن بياۋ بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ سۆھبىتى جۇ ئېنلەينىڭ ئېيتىشىچە ئاۋۋالقى «سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ» دېگەن پەرىزىنى ئىسپاتلىغان.(02)

(مۇنەۋۋەر خوجىئەخمەت. ت)

# مۇبارەكلەش

(ھېكايە)

خېلىل تۇردى

ناسىرنىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ھاكىم بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغماي قالدى. شۇ خۇشاللىقتا، ئايالىمغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىم توشا ـ توشمايلا موتسىكلىتىمغا مىنىپ، ئالدىراپ ئۆيگە ماڭدىم.

— خوتۇن، ئەمدى ئىشىمىز ئوڭ بولىدىغان بولدى، — دېدىم مەن كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقان ئايالىمغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — دوستۇم ناسىر ناھىيىگە ھاكىم بوپتۇ. ئەمدى سېنىڭ يېزىدىن شەھەرگە يۆتكىلىشىڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئىش بولۇپ قالدى. ئەمدى ئىككىمىز خاتىرجەم بولىدىغان ئوخشايمىز.

— قويۇڭا ئۇنداق ئىشەنچسىز گەپنى! «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك گەپ قىلىدىكەنسىز، يېقىن ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭمۇ ھالىنى كۆردۈق، ھېلىقى ياسىن دېگەن ساۋاقدىشىڭىز مائارىپ ئىدارىسىگە باشلىق بولغاندىن كېيىن ئادەم تونۇماس بولۇپ قاپتۇ، خېلى كەمتەر بەزى ئادەملەر ئەمەل تۇتقاندىن كېيىنلا ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن، ناسىر مېنى يېزىدىن شەھەرگە يۆتكەپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، سىز بىلەن ئوچۇق چىراي ئېچىپ كۆرۈشسە چوڭ گەپ، — دېدى ئايالىم.

مەن ئايالىمغا:

— ناسىر بولسا ياسىنغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن 15 يىللىق ساۋاقداش، كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىزگە ئويناپ چوڭ بولغان. ئۇ ماڭا چوقۇم ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. ياسىن دېگەن ئوقۇغان ۋاقتىدىلا بەك ھاكاۋۇر ئىدى، — دېدىم مەن. ئۇ سەل جىمىپ قالدى، مەن ناسىر بىلەن ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنى كۆرۈشۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم ۋە خىيالىمنى ئايالىمغا ئېيتتىم.

— يالقۇن، ناسىرغۇ سىز دېگەندەك خېلى ياخشى ئادەم كۆرۈنىدۇ. ئەمما ھازىرقى دەۋردە قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ. يېقىن دوست بولغاندىكىن ئۆيىگە قۇرۇقلا بارسىڭىز قاملاشمايدۇ، ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغىمۇ بارالمىدۇق. ئايالىنىمۇ كېسەلخانىدىن چىقىپتۇ دەپ ئاڭلايمەن. شۇڭا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئايالى ھەم ئوغلىغا بىر يۈرۈش كىيىم ـ كېچەك قىلىپ، بانكىدىكى پۇلدىن 10 مىڭ يۈەن ئېلىۋېلىپ بېرىڭ ـ ھە!... — دېدى ئايالىم ماڭا قاراپ تۇرۇپ.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا خوتۇن، بۇ ساۋاقداشلىق ھۆرمىتى، دوستلۇق ھۆرمىتى، شۇنداق قىلاي، — دېدىم مەن ئايالىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ.

بىز تەشنالىق بىلەن كۈتكەن يەكشەنبىمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ناھىيە بازىرىغا قاراپ يول ئالدىم. بازاردىن قىممەت باھالىق ئىككى يۈرۈش كىيىم ۋە 10 مىڭ يۈەن نەق پۇلنى سومكامغا سېلىپ، ناسىرنىڭ بۇرۇن مەن نەچچە قېتىم كىرگەن ئۆيىگە كىرگىنىمدە، ئۇ ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن،

ئايالى بولسا گۆرۈچ پۇيۇپ، پولۇغا تۇتۇش قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار مەندىن قىزغىنلىق بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى ۋە مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تۆرىگە باشلىدى.

— «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە كېلەر» دېگەندەك، ئەجەب ئوبدان ۋاقىتتا كەپسەن ئاغىنە، ئۇزاق بولدى كۆرۈنمەيسەنغۇ؟ — دېدى ناسىر ئالدىمغا داستىخان سېلىۋېتىپ، — مەن بولسام سۇ كادىرى، يېزىغا قاترايدىغان ئىشىم كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ باشقۇرۇش خىزمىتى جىددىيلىشىپ كېتىپ ئۆيۈڭگە كېلەلمىدىم، ئاڭلىسام ھاكىملىققا ئۆستۈرۈلۈپسەن. بۇنىڭغىمۇ بىرقانچە ئاي بولۇپ قاپتۇ. مۇبارەك بولسۇن، ئەمدى سېنى «نا شەنجاڭ» دەپ چاقىرمىساق بولمايدۇ - دە — دېدىم مەن چاقچاق ئارىلاش.

— «نا شەنجاڭ» دەپ چاقىرمىساڭمۇ دەرىجەم تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ - دە، ئاغىنە، قېنى مەزىنى ئالغاچ ئولتۇرغىن.

— مەن ناسىرنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىدىن، قىلىۋاتقان بۇ ئاقىلانە گەپلىرىدىن باشقىچە سۆيۈنۈپ كەتتىم. ھەقىقەتەنمۇ بىلىملىك ئادەملەر ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم كۆڭلۈمدە. مەن ھۆرمەت نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا يەنە تىكىلىپ قاراپ قالدىم، ئۇنىڭ چىرايى بۇرۇنقىدىن سەل جۇدەپ قالغان بولۇپ، قاپقارا كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل قەتئىيلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. بېشىغا كىيىۋالغان بادام دوپپىسى ئۇنىڭ بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە سەپسېلىشقا باشلىدىم. ئۆي گەرچە بىنا ئۆي بولسىمۇ ئادەتتىكىدەك بېزەلگەنىدى.

— ھوقۇق بولغاندىكىن ئەمدى بۇ كىچىك ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرمەي، يېڭى، چوڭراق ئۆيدە ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟ — دېدىم مەن ئارىدىكى جىمجىتچىلىقنى بۇزۇپ.

— ناھىيىدە ئۆيىنىڭ قىسلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن يالقۇن، ھوقۇققا تايىنىپ، ئازادە ئۆيدە ئولتۇرۇۋالسام پېشقەدەم، جان سانى كۆپلەر قانداق قىلىدۇ؟

ناسىرنىڭ بۇ گېپىگە قارىتا مەن قايتا ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدىم، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ جان سانى كۆپ ئەمەس ئىدى.

— قۇرۇقلا كېلىپ قالدىم ئاغىنە، ئاز بولسىمۇ بۇنى ئېلىپ قويغىن، — دېدىم مەن، سومكامدىكى ئىككى يۇرۇش كىيىم ۋە كونۋېرتقا سېلىنغان 10 مىڭ يۈەن قىزىل بولاقنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدىن ئوغلۇڭنىڭ سۈننەت تويىغىمۇ كېلەلمىدۇق، ئايالىڭنىمۇ يوقلاپ كېلىپ بولالمىدۇق.

— يالقۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن دوست بولساڭ ئۇنداق ئىشنى قىلما، ئەڭ ياخشىسى بۇنى ئۆيۈڭگە ئالغاچ كەت، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە. قويغان نەرسەمنى مېنىڭ ئالدىمغا ئىتتىرىپ قويۇپ.

— ناسىر، بۇنى ئالمىساڭ سەندىن قاتتىق رەنجىيمەن، بۇ دوستلۇق ھۆرمىتى، — دېدىم مەن يەنە كونۋېرت ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.

ئىككىمىز ئۇنى بىر - بىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىشىپ تۇرغاندا، سىرتتا پاراڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئادەم كەلگەن ئوخشايدۇ سەت بولىدۇ، بۇنى تېزرەك بىر يەرگە تىقىپ قويغىنە! — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ. نەرسە - كېرەكلەرنى ئۇنىڭ قولىغا مەجبۇرىي چاڭگاللىتىپ.

ناسىر ئىلاجسىز ئۇنى ئېلىپ ئۆيىنىڭ بۇ-

لوڭگىدىكى چامادانىنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە يېنىمدىكى سومكىنى ئېلىپ، تامدىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويدى. كۆڭلۈم بىرئاز تىنغاندەك بولۇپ قالدى. تالادىكى پاراڭمۇ بېسىقىپ، ئۆيگە ئادەم كىرمىدى، شۇڭا مەن ئايالىمنىڭ مەسلىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ قويۇشنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ گېپىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى ھەم ئاخىردا مەندىن سورىدى:

— ھەنپەنىڭ ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلىكىدىن ۋە يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىدىن مەنمۇ خەۋەردار، مېنىڭ يالغۇز بۇ ئىشنى ئۆز ئالدىمغا تارتىپ بىر تەرەپ قىلىشقا چىشىم پاتمايدۇ. ھەممە ئىش پرىنسىپ بويىچە بولۇشى كېرەك. — دېدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.

— مەن سەن بىلەن 15 يىللىق ساۋاقداش، دوست، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيىگە باش ھاكىم بولغاندىن كېيىن سېنى ئىزدىمەي كىمنى ئىزدەيمەن؟ ئەجەبمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىپسەن، قولغا كەلگەن ھوقۇقنى يۈرەكلىك ئىشلەتمىسە ھاكىم بولغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئاغزىڭنىڭ يېلى كېتىدۇ، — دېدىم مەن.

بۇ گېپىم ناسىرغا غەلىتە تۇيۇلدى بولغاي، دەسلەپتە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، كېيىن كۈلكىسىنى توختىتىپ، تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى:

— خەلق بەرگەن ھوقۇقنى چوقۇم خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز كېرەك، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان، كۆڭۈل ئىزدەپ، دوستۇم دەپ پرىنسىپ ئۈستىدە سودىلىشىدىغان بولساق چوقۇم خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىمىز!

كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە بولۇپ قالدىم ـ دە، ئۈن چىقارماي تالاغا چىقىپ كەتتىم، بىركەمدە ناسىرمۇ كەينىمدىن چىقىپتۇ.

— تاماق پىشىپ قالدى، ئۆيگە كىرگىن.

مەن ئۇنىڭ گېپى بىلەن ئۆيگە كىردىم، ئۆيگە ئىككى مېھمىنى كەپتۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ئالدىمىزغا قويۇلغان مەززىلىك پولۇغا قول سۇندۇم، بىراق تاماق گېلىمدىن ھېچ ئۆتمىدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دېدى ناسىر مېنى ئۆيىدىن ئۇزىتىپ چىققاندا ئىشىك ئالدىدا، — مەندىن بەك رەنجىگەندەك تۇرىسەن، بۇ ئورۇنسىز، سەن بىلەن مەن چىن دوست، لېكىن يولسىز تەلەپ بىلەن ئۆز دوستىنى خىجىللىقتا قالدۇرۇش دوستلۇققا مۇناسىپ ئىش ئەمەس، چىن دوستلۇق ھۆرمەتلىنىشى كېرەك، — ئۇنىڭ سۆزى سەممىمي ۋە قەتئىي ئىدى. مەن ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتتىم ۋە بوش ئاۋازدا:

— شۇنداق قىلىپ ھەنپەنىڭ ئىشى پەقەت ھەل بولمايدۇ دېگىنە؟! — دېدىم مەن.

— ھازىرچە ھەل بولمايدۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەلەپنى قاتتىق قويۇش كېرەك، ئۇ تىرىشىپ، ئۆز كەسپىنى پۇختا ئىگىلىسۇن، ئىككىڭلارنىڭ مەڭگۈ ئىككى يەردە ئىشلىشىڭلارغىمۇ تەشكىل قاراپ تۇرمايدۇ، — دېدى ئۇ قولۇمنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ گېپى مېنى خېلى قايىل قىلدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، بازاردىن ئۆيدىكى باللىرىمغا ئالما ـ نەشپۈت ئالدىم، ئۇنى سالاي دەپ سومكىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئاچسام، 10 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن كىيىم ـ كېچەكلەر تۇرۇپتۇ، بىر ھازاغىچە ھەيران قالدىم، ھاياجانلانغانلىقىمدىن كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ھالدا ياش چىقىپ كەتتى.(09)

(ئاپتور: كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

## پارچىلار

لېتىپ ئېلى

1

ھەممىدىن مەنىۋى نامراتلىق يامان،
ئۆگەنگىن، ئىلگىرىلە دەيدۇ بۇ زامان.
تۇرمۇشنىڭ بەختلىك، يارقىن كۈنلىرى،
ئىرىشچان كىشىگە تەئەللۇق ھامان.

2

ئانا كۆپ سۆزلىسە دېمىگىن ئارتۇق،
كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى بېرىدۇ تارتۇق.
بىلسەڭ شۇ ئانىنىڭ ھىمايىسىدە،
تۇرمۇشتا قازىنىپ كەلگەنمىز ئۇتۇق.

3

ئىنسان ۋە ھايۋاننىڭ پەرقىدۇر ھايا،
پاراسەت، دىيانەت ھىلالدۇر گويا.
يارالغان لىباسىڭ پاك بولۇپ ئەسلى،
چۈشمىسۇن شەنىڭگە ئۆچمەس داغ، ئايا.

4

تەۋرەنمەس ئىرادە ئۇلۇغۋار غايە،
ھەم ئۆتكۈر ئوي ــ پىكىر، ئىلغار ئىدىيە.
ھاياتلىق كۆكىدە قىلدۇرار پەرۋاز،
بولسا گەر كىشىدە ھۈنەر، سەۋىيە.

5

ئۆم، ئىناق، ئىنتىپاق گۈللىنى نېرى،
توزۇتقىن زىددىيەت كۈلىنى نېرى.
ئاسلىنىڭ ئاساسى ــ تەرەققىياتنىڭ،
مۇقىملىق ھەم بىرلىك ھۆددىگەر پىرى.

6

مۇھەببەت سۆزىدە مەنە بىپايان،
ساپ، ساختا دەپ ئايرۇر دانا ھەرقاچان.
پەس ئارزۇ ــ ھەۋەسنىڭ ئۇلپىتى بولساڭ،
گۈل چىراي ئاچمايدۇ رەنا ھېچقاچان.

## بىر قېتىم

سەيدىگۈل مەھمۇت

كۆيگەندەك مەن ساڭا كۆيمىسەن جېنىم،
سۆيگەندەك مەن سېنى سۆيمىسەن جېنىم.
سۆيگۈچۈن تاغ ئارتۇق شىجائىتىم بار،
رازى مىڭ، سۆيمەن دېسەڭ بىر قېتىم.

ھايالىق كۆزلىرىڭ گوياكى چولپان،
ھەر باقسام تومۇردا ئۆركەشلەر قېنىم.
ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كېتىمەن بەلكى،
ئاشىقمەن مەن ساڭا، دېسەڭ بىر قېتىم.

## سېغىنىش

مېھرىگۈل ئابلىمىت

سۇبھىلەردە زارىقىپ جانان،
قارىچۇقۇمدا قاتتى سىمايىڭ.
كۆيدۈرگىلى ئاز قالدى تۇگەل،
ۋۇجۇدۇمنى ئاتەش ۋىسالىڭ.

گاھى ــ گاھى چىقىمەن يەنە،
بىز مۇڭداشقان جىگدە تۈۋىگە
دىمىغىمدا ئېيتىمەن ناخشا،
تەگكەش قىلىپ سۆيگۈ كۈيىگە.

تۈنلەر تامان ئۇيقۇ بەك يىراق،
سېنى ئەسلەپ ئېيتىمەن بېيىت.
ئېھ، كۈتىمەن تۈگۈلۈك بېشىدا،
ئاڭلانسا دەپ يېقىملىق ئىسقىرت...

## ئۈزۈلگەن رىشتە

نۇسرەتگۈل ئالماس

كەلدىم يەنە خىلۋەت كوچاڭغا،
ئېيتالمىغان ناخشامنى تۇۋلاپ.
مەن ئاۋارە، يۈرگەنسەن بەلكى،
كىملەرنىڭدۇر قەلبىنى ئوۋلاپ.

كىملەرنىڭدۇر قەلبىنى ئوۋلاپ،
تار كەلگەندۇ چېكى يوق ئالەم.
بۈيۈكلۈكتە تەنھا ۋە تەنھا،
سېنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن نالەم!

## چۆكۈپ باققىن كۆزۈم تەكتىگە

توخسۇن ھۈسەيىن

كۆزۈمدە يالقۇن بار، كۆزۈمدە ئاتەش،
ۋە يەنە ئۈمىد بار، بىر ساڭا نالىق.
ۋەسلىڭچۈن ھامىلدار ئەتىگە ــ ئەتە،
كۈتمەيمەن سېنىڭدىن ئەسلا جۇدالىق.

ناۋادا سۆزۈمگە ئىشىنەلمىسەڭ،
چۆكۈپ باق بىر مەررە كۆزۈم تەكتىگە.
ئىشەنچ نۇرغۇزغىن قەلبىڭدە تولۇق،
سۆيگۈمنىڭ غۇبارسىز تېرەنلىكىگە.

كۈتمەيمەن سېنىڭدىن مەڭگۈ جۇدالىق،
ھامىنى سەن مېنىڭ، سەن مېنىڭ لالەم.
بىر ئورناق بەختكە باش قويۇپ بىللە،
مەن چىراغ، بولسەن ئۆزۈڭ پەرۋانەم.

## قاچان قۇچاق ئاچار مۇھەببەت

ئۆمەرجان ئۇبۇل

مىسكىن چىراي يۈرەك چەكپارە،
ئۈمىدسىزلىك يار ماڭا پەقەت.
بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن ئۇنى،
قاچان قۇچاق ئاچار مۇھەببەت؟

شۇئۇرغانلىق ئۇزاق كېچىلەر،
تەلمۈرىمەن ئىشىككە ئۇزاق.
مەنمۇ شائىر بوپ قالاي دېدىم،
جانان ئۈچۈن توقۇپ كۈي ـ قوشاق.

## دىل خانەمدە بىر ئېزگۈ ناخشا

تۇرسۇنگۈل ئۆمەر

دىل خانەمدە بىر ئېزگۈ ناخشا،
جاراڭلايدۇ شۇنچىلىك مۇڭلۇق.
يالتىرايدۇ كۆزۈمدە يىغان،
يۈرىكىمنىڭ ھېچبىر ھالى يوق.

دىل خانەمدە بىر ئېزگۈ ناخشا،
تىترىتىدۇ يۈرەك تارىمنى.
ھېسلىرىممۇ تۇيۇلۇپ قىرتاق،
كۆمۈۋەتتى خۇشاللىقىمنى.

دىل خانەمدە بىر ئېزگۈ ناخشا،
كۈي قاتىدۇ دەردىمگە پىنھان.
بىخ چىقاردى قەلبىم قېتىدا،
ئاھ، يېقىملىق ئازابلىق ئارمان.

## بىرنەچچە ئادەممەن سېنىڭ كۆزۈڭدە

سېتىۋالدى تەۋەككۈل

يۈرىكىم گۈرۈلدەپ كۆيۈپ تۇرغاندا،
جىلۋىگەر جىسمىڭغا قۇل بولدى روھىم.
ئەسەبىي ئەركىلەپ كەتتى ياپراقلار،
باغرىمغا چىڭ بېسىپ سۆيگەندە جېنىم.

يالت قىلىپ نۇر تۆكتۈڭ سەرسانلىقىمغا،
چىن سۆيگۈ گۈلىنى چەيلىدى قۇيۇن.
شارابنىڭ قىستىغا چۆكتۈم ئاقىۋەت،
سەن دېگەچ: «مۇھەببەت مەقسەتلىك ئويۇن.»

رېئاللىق مەن ئۈچۈن غېرىب بىرخانا،
ئۆزۈمنى سۇلىدىم يۈردۈم ئەلەمدە
ئۇنۇتاي ھەممىنى، جادۇ كۆزۈڭنى،
بىرنەچچە ئادەممەن سېنىڭ كۆزۈڭدە.

## ئىنتىزارلىق

مەرھابا مىجىت

ئۈمىد بىلەن كۈتتۈم خېتىڭنى،
ئۈچۈر يوقتۇر سېنىڭدىن زىنھار.
يۈرمەكتىمەن ھالىم پەرىشان،
يوللىرىڭغا بولۇپ ئىنتىزار.

ھەمراھ ماڭا جانسىز سۈرىتىڭ،
كېچە ـ كۈندۈز يانلىرىمدا يار.
ئېسىۋالدىم يېقىپ قەلبىمگە،
شۇ بويىنۇمغا قىلىپ «تىل تۇمار».

تالاي خېتىم قالدى جاۋابسىز،
سۈكۈتلىرىڭ كەلدى ئەجەب ھار.
يۈرىكىمدىن سېغىنىدىم سېنى،
قىلما مېنى بۇنچە ئىنتىزار.

## قوغۇن بولۇپ پىشسۇن مۇھەببەت

ئېزىز تۇرسۇن

قوغۇنلۇقتا تۇتاش چىغىر يول،
بولۇپ قالدىڭ ماڭا باش بېكەت.
قۇرۇپ كەتمە يۇمران پېلەكلەر،
نا شېكەرنى ماڭا بېرىپ كەت.

•

قانچە شېرىن ئۈمىد ـ تىلەكلەر،
قالغان ئىدى سەندە چېچەكلەپ.
قۇرۇپ كەتسەڭ ئەمدى ناۋادا،
شۇ چېچەكلەر قالار يىگىلەپ.

بولالمىساڭ سەن بىر قوغۇنلۇق،
بولالماسمەن مەن بىر قوغۇنچى.
ئۇنتقا چىققان مەسۇمە قىزمۇ،
تاتلىقىنە قىلماس سۆيۈنچى.

قۇرۇپ كەتمە ئەمدى پېلەكلەر،
يۇمران پېتى قالغىن سەن ئەبەد.
بىر جۇپ ياشنىڭ يۈرەكلىرىدە،
قوغۇن بولۇپ پىشسۇن مۇھەببەت،

## يۇرتۇم

مېھرىبان ۋەلى

تارىختا داڭقى بار تەكلىماكاننىڭ،
باغرىدا باھارنىڭ گۈللىدى يۇرتۇم.
بۇلۇتسىز ئاسماندا كۆرۈنگەن ئايدەك،
رۇخسارىڭ نۇر چېچىپ پارلىدى يۇرتۇم.

بەختىيار ھاياتنىڭ تاپماقتا نىجات،
شاد ناخشاڭ جاراڭلاپ ياڭرىدى يۇرتۇم.
بېغىڭدا ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر،
شائىرەڭ زوقلىنىپ سايرىدى يۇرتۇم.

خەلقىمىز قوينۇڭغا تۆككەچكە قان ـ تەر،
قۇچقىنىڭ بوستانغا ئايلاندى يۇرتۇم.
كەلگۈسى ئىقبالىڭ ئالىم ئالدىدا،
قۇياشتەك نۇر چېچىپ چاقنىدى يۇرتۇم. (09)



↑ يېڭىسىنى كۆرۈپ كونىسىنى ئۇنتۇش



↑ يوق




↑ ئەلۋەتتە بايدە ...




↑ كىچىك مايلامچى



هەر كاللىدا بىر خىيال

ئەكبەر غوجى سىزغان

# تېزناپ ۋادىسىدىكى بىخەتەرلىك ئەلچىسى

## — قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش پونكىتى

مەزكۇر پونكىت 1980 ـ يىلى قۇرۇلغان. ھازىر بۇ پونكىتتا 24 نەپەر خادىم بار. ئۇلارنىڭ 20 نەپىرى ئۇيغۇر، تۆت نەپىرى خەنزۇ. ئىدارىنىڭ ۋە ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە ياردىمىدە بۇ پونكىت خادىملىرى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، تراكتور ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلىتىلىشىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلاتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قاغىلىق خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھى ۋە نەتىجىلىرى ئىدارە، ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە تەقدىرلەندى. (**غەيرەت مەتتىمىن** فوتوسى)



ئىدارە باشلىقى مەتتىمىن مامۇت پونكىت مەسئۇللىرىغا ئىش ئورۇنلاشتۇرماقتا



پونكىت خىزمەتچىلىرى خىزمەتتە



پونكىت مەسئۇلى ئوسمانجان تەكشۈرۈش



مەزكۇر پونكىتتىكى بارلىق خادىملار شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ساھەسىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىگە بايراملىق سالام يوللايدۇ




## شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىر ئىنستىتۇتى 2003 ـ يىللىق تولۇق كۇرس ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ

**تولۇق كۇرس كەسپلىرى:** ئاكتىيورلۇق (كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىر ئورۇنداش)، كىيىم مودېل ئورۇنداش، دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك سەنئىتى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە رېژىسسورلۇقى، ئوپېراتورلۇق، ئاۋاز ئىشلەش سەنئىتى كەسپى.

**ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپلىرى:** ئاكتىيورلۇق (كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىر ئورۇنداش)، دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك سەنئىتى، ئاۋاز ئىشلەش سەنئىتى كەسپلىرى.

**تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋە ئىمتىھان ئېلىش ۋاقتى:** 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 2003 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە.

**تىزىمغا ئالدۇرۇش ئورنى:** شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىر ئىنستىتۇتى.

### كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىر ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تولۇق كۇرس تەييارلىق سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ

ئىنستىتۇتىمىز 2003 ـ ئوقۇش يىلىدىكى تېخنىكوم، تولۇق كۇرس كەسپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا سۈپەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئوتتۇرا تېخنىكوم، تولۇق كۇرس قاتلاملىرى بويىچە تەييارلىق سىنىپ كەسپلىرىدىن ئاكتىيورلۇق (كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىر ئورۇنداش)، دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك سەنئىتى، ئاۋاز ئىشلەش سەنئىتى كەسپلىرى بار.

تولۇق كۇرس تەييارلىق سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇش ۋاقتى يېرىم يىل (مەدەنىيەت دەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ئوتتۇرا تېخنىكوم تەييارلىق سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇش ۋاقتى بىر يىل (مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). تەپسىلاتىنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانىدىن كۆرۈۋېلىڭ، ئوقۇتۇش چىققان كۈندىن باشلاپ تىزىمغا ئالىدۇ.

**ئالاقىلەشكۈچى:** نىجات تۇرسۇن 2551075، 2552657 ـ 0991

**شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىر ئىنستىتۇتى**